
2

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1- دەرىجىلىك ژۇرنال

# ياچېيكا تۇرمۇشى

2000



ISSN 1002-9451

02

9 771002 945002



ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى سەمەت ئىزىز (ئوتتۇرىدا) 1957- يىلى 7- ئايدا سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ مائارىپ سېپىگە قەدەم قويغان 42 يىلدىن بۇيان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دەرس ئوقۇتقۇچىسى، سىنىپ مۇدىرى، ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئىلمىي مۇدىر، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، تاكى يېقىنقى يىللارغا قەدەر ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن ئايرىلماي، مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بۇ جەرياندا ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى». «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى.

توختى ئەرشىدىن خەۋىرى ۋە فوتوسى



ئاقتۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى مۇختەر مامۇت 1989- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان ج خ خىزمىتى ئۈستىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ، جاپالىق ئىشلەپ، زور، مۇھىم دېلولارنى پاش قىلىپ ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. شۇڭا ئۇ 1998- يىلى شىنجاڭ بويىچە «مۇنەۋۋەر ساقچى»، ئوبلاست بويىچە، «دېلو پاش قىلىش ماھىرى» بولۇپ باھالاندى. بىر قېتىم 2- دەرىجىلىك، بىر قېتىم 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى.

ئابلەت ھۆسيۈن خەۋىرى ۋە فوتوسى



قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى چېلىشىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايون، مەملىكەت بويىچە ئىلغار تىرېنېر، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى يۈسۈپھاجى مۆمىن 20 يىللىق تىرېنېرلىق ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان چېلىشىش پالۋانلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ئۇ تەربىيىلىگەن چېلىشچىلار مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە مىللىيچە چېلىشىش تۈرىدە 5 ئالتۇن مېدال، قەدىمكى چېلىشىش تۈرىدە 18 ئالتۇن مېدال، ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە 85 ئالتۇن مېدال، 69 كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

يۈسۈپھاجى مۆمىن قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغاندىن سىرت، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار كەسپىي خىزمەتچى خادىم» بولۇپ باھالاندى ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى «ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمان بولدى.

ئابدۇساتتار ئابدۇرېھىم خەۋىرى، ئەركىن ئابلەت فوتوسى



قۇمۇل ۋىلايەتلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى ئۇيغۇر تېبابەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مۇدىر ۋراچ ياقۇپ غوجابدۇل دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان 30 يىلدا غەربچە، جۇڭگوچە داۋالاش ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى ئۆزئارا ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىپ، بىمارلارنىڭ رەنجىگە شىپا بولۇپ كەلگەنلىكتىن ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، شەھەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشتى. «ئەۋرىشىم شەربىتى بىلەن يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىكى كېلىنىكىلىق كۆزىتىش» قاتارلىق 2 پارچە ئىلمىي ماقالىسى «جۇڭگو دورىگەرلىك ژۇرنىلى»، «جۇڭگوچە ۋە غەربچە داۋالاش تەتقىقاتى» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى.


ئەكبەر ئىسھاق ھاجى خەۋىرى ۋە فوتوسى

# تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئۇنى پۈتۈن پارتىيىدە، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا دائىم تەكىتلەش، قايتا ـ قايتا تەكىتلەش كېرەك

تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشقانسېرى، ئېچىۋېتىش كېڭەيگەنسېرى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلانغانسېرى، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ نۇقتىنى پۈتۈن پارتىيىدە، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ھەر دائىم تەكىتلەش، قايتا ـ قايتا تەكىتلەش كېرەك.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپىدىكىلەر پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەپ، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق تەربىيىلەپ، كىشىلەرگە نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھام بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئىدىيە ۋە جامائەت پىكرى جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى. بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت 2 چوڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، 3 قېتىملىق زور سىياسىي كۈرەشتە سىلەر مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، جەڭگىۋار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى قىلىپ، يېڭى نەتىجە يارىتىڭلار، ھەممىڭلار خىزمەتنى ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلىدىڭلار، ناھايىتى جاپا چەكتىڭلار، مەركەز سىلەردىن مەمنۇن.

پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ چوڭ ئىشى، تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىنىڭمۇ مۇھىم نۇقتىسى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم، ئاتېئىزم تەربىيىسى ۋە ئىلىم ـ پەن روھى توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، توغرا غايە، ئېتىقاد، توغرا دۇنيا قاراش، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن پارتىيىدە ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىشى، جەمئىيەتتە خۇراپاتلىق، نادانلىققا قارشى تۇرىدىغان، ھەرخىل سەپسەتىلەرنى چەكلەيدىغان ساغلام كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپىدىكى يولداشلارنىڭ توغرا جامائەت پىكرى يېتەكلىشىنى چىڭ ئىگىلەپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتىنىڭ يېڭى ئەھۋالى، يېڭى ئالاھىدىلىكلىرىنى



چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۇسۇل ـ چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر دوكلاتتا سېلىپ بەرگەن مۇھىم تەستىقىدىن ئېلىندى)

## مۇھىم ھۆججەتلەر، مۇھىم ئىشلار

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن چېيىدا سۆزلەنگەن سۆز .................... جياڭ زېمىن 4

يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋالايلى .......................... 9

يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى .......................... 12

شىنجاڭدىن تۇنجى قېتىم ئاكادېمىك چىقتى .......................... 14

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسورلار دۇنيا سۈچىلىقىدىكى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى .......................... 14

## پەيتنى چىڭ تۇتۇپ شىنجاڭنى ئاچايلى

ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم .......................... 15

ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپىدىكىلەرنىڭ «پۇرسەتنى تۇتۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش» مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز .......................... ۋۇدۇنفۇ 18

## «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى

«3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى داۋاملىق چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك .......................... 22

## پارتىيە دەرسى

كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىشى كېرەك .......................... م. روزى 25

## 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» نى ئۆگىنىش ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار .......................... 28

## گۈل ۋە تىكەن

سوت ساھەسىدىكى قابىل يېتەكچى (ئالتە پارچە) .................... 32

## دەۋرىمىز ئاۋانگارتلىرى

بارلىقىنى كۆكەرتىش خىزمىتىگە بېغىشلىغان كىشى .......................... ت. ئەرشىدىن 34

## پارتىيە ئەزالىرى مۇنبىرى

كادىرلار خىزمىتىدە ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك .......................... ئى. نىياز 37


## ئەرمىلەر كېزىتى

قانداق قىلغاندا دۆلەت كارخانىلىرىدا پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ (سەككىز پارچە) .................... 40



تېلېفون: 2391829، 2391698، 2391879

ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ.


● ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدۇ

* * *

● سىياسىي، نەزەرىيە ۋە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

* * *

● ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ

* * *

● مۇھەررىرلەر: ئەركىن ئىمىن، قۇدرەت مجت، زۇلپىيە موللاخۇن، ئارزۇگۈل تۇرسۇن

● تەكلىپلىك مۇھەررىر: قادىر داۋۇت

* * *

● گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئابدۇسالام ئابدۇراخمان

* * *

● نۆۋەتچى مۇھەررىر: قۇدرەت مجت

## پاكلىق تۈزۈلۈشى

ئىقتىسادىي ۋاسىتىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، چىرىكلىككە ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇش لازىم ........................................ ت. ئىبراھىم 42

## جەمئىيەتكە نەزەر

دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتەيلى ......................... س. باپسان 44

## پارتىيە ئەزالىرى ساداسى

غەملەش، قالدۇرۇقنى يىغىش نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن بولىدۇ؟ (ئىككى پارچە) .................................................................. 47

## ئاممىۋى سۆھبەت

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش كېرەك ... ئى. ۋەلى 49

## ياچېيكا خىزمىتى

ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە سەنئىتى ... ۋاڭ جۇڭلياڭ 51

## قىزىق نۇقتىدىن پاراڭ

ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش ئىشسىزلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەمدۇ ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتەمدۇ؟ ... ........................................ جاڭ كۇنلۇن 52

## تەكشۈرۈش دوكلاتى

تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش توغرىسىدا ........................ جاڭ جىنسۇڭ، خۇاڭ شيۇەن 55

## پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۇچۇرلىرى

يېڭىشەھەر ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى (ئالتە پارچە) ............................ 58

## مۇلازىمەت مۇنبىرى

پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۆچمەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلسا بولامدۇ؟ (سەككىز پارچە) ................ 60

## يۈگۈنكى دۇنيا

سىنگاپور ئىختىساسلىقلار مەركىزى بولۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا ................................................................ جۇچاڭدۇ 62

## تارىخ ۋە شەخس

50 يىلدىكى چوڭ ئىشلار (تۆت پارچە) ........................................ 64



مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئالتاي خەلقئارا قار ـ مۇز ساياھەت سەنئەت بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر ........................ جاۋ جۈنئەن فوتوسى

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى ئاسا ئا، مۇختەر ئەپرى سىزغان

بۇ ساندا يىرتىلىپ كەتكەن، چۈشۈپ قالغان، بۇلغىنىپ كەتكەن، تەكرار ئېلىنىپ قالغان بەتلەر بولسا، بىۋاسىتە باسما زاۋۇتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغايسىز !

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر ياڭزىجياڭ يولى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى (پوچتا نومۇرى : 830051)


2000 ـ يىل2 ـ سان
(ئومۇمىي 433 ـ سان)
«ياچېيكا تۇرمۇشى»
ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
* * *
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
* * *
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى
CN65- 1002 / 2
* * *
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ
* * *
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
* * *
ئادرېسى: ئۈرۈمچى ساغلام يولى 2 ـ قورۇ

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن چېيىدا سۆزلىگەن سۆز

## (2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)

## جياڭ زېمىن



يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن 2000 ـ يىل يېڭى يىل بايرىمى، كىشىلەر يېڭى ئەسىرنى، يېڭى 1000 يىللىقنى كۈتۈۋېلىۋاتقان ئالاھىدە پەيت. بۈگۈن سەھەردە بىز جۇڭخۇا ئەسىر مۇنبىرىدە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق. ھازىر، بىز يەنە بۇ يەرگە جەم بولۇپ، 2000 ـ يىلنى بىرلىكتە كۈتۈۋېلىۋاتىمىز. مەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، ج خ كادىر ـ ساقچىلىرى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان خەلقئارا دوستلاردىن بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورايمەن، كۆپچىلىكنىڭ يېڭى يىلىنى مۇبارەكلەيمەن!

1999 ـ يىل دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىچكى ـ تاشقى جىددىي خىرىس ۋە قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن يەنىمۇ پۇختا ئاساس سالدى.

1999 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى. بىز كاتتا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك كۆرەك قىلدۇق، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» پىكىرىنى بويىچە ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنداش يولىدا يەنە مۇھىم

بىر قەدەم تاشلىدۇق.

1999-يىلى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىز 3 قېتىم سىياسىي كۈرەش ئېلىپ باردۇق ۋە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يۇگوسلاۋىيىدىكى ئەلچىخانىمىزغا ياۋۇزلارچە ھۇجۇم قىلغانلىق قىلمىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداپ، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغىدۇق. بىز لى دېڭخۇي كۆتۈرۈپ چىققان ئاتالمىش «ئىككى دۆلەت سەپسەتىسى»گە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى كۈچلۈك قوغداپ، تەيۋەندىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن خورىكىگە دەككە بەردۇق. بىز «فالۇن گۇمپىسى» بىدئەتچىلەر تەشكىلاتىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزىدىغان بۇ ئاپەتنى تۈگىتىشتەك رېئاللىق ئارقىلىق كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلىدۇق. بۇ 3 قېتىملىق كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى چوڭقۇر بولدى.

مۇرەككەپ خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇھىت ۋە ئىچكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش فاڭجېنىنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئالدىن كۆزلىگەن ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش نىشانىغا يەتتۇق. دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكىدىن خېلى ياخشى ھوسۇل ئالدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم يۈكسەلدى، تاشقى سودا ئېكسپورتى تۆۋەنلەپ كېتىشتىن ئېشىشقا باشلىدى، پۇل مۇئامىلە ھەرىكىتى خېلى مۇقىم بولدى، مالىيە كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى، جەمئىيەت مۇقىم بولدى.

«خاسىيەتلىك كېمە» ناملىق ئۇچار كېمە سىنىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردۇق. بۇ ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى جەھەتتە يېڭى زور بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمەلىيەت پۈتۈن پارتىيە ۋە مەملىكەتتىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلسىلا بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خېيىمخەتەرلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلىدى.

ئۆتكەنكى بىر يىلدا بىز ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق. پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى تۈۋرۈكلۈك رولى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكى، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىق تۈرلۈك ئىسلاھاتلار داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سەۋىيىسى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئۆلچىمى ئۆستى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، دەريا، كۆللەرنى تىزگىنلەشتە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى. بىز غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش تەدبىرىنى چىقاردۇق. مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆزلىرى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ۋە باشقۇرۇۋاتقان بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلماقتا. چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش، ئەتكەسچىلىك ۋە ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشى چوڭقۇر راۋاجلانماقتا. پارتىيە قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇ-

شىدا يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. ئارمىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيدى.

بىز مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دىپلوماتىيە خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتۇق. بىز ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق، غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز داۋاملىق ياخشىلانماقتا ۋە راۋاجلانماقتا. بىز توغرا سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سۆھبەتنىڭ پەيتىنى ۋە ۋەزنىنى جانلىق ئىگىلەپ، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىشى توغرىسىدا ئىككى تەرەپلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇھىم شەرت ھازىرلىدۇق. بىز ب د ت، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ بىرەسمىي ئۇچرىشىشى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە سورۇنلىرىدا پائال رول ئوينىدۇق. بىز كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئابرويى ۋە ئورنى يەنىمۇ ئۆسمەكتە. بىز دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش، ئادىل، مۇۋاپىق خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

سىياسىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش يۈزلىنىشى راۋاجلانماقتا. خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمەن ئېيتقاندا پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى. پۇرسەت خىرىسنىن، ئۈمىد قىيىنچىلىقتىن كۆپ. بىز تەرەققىيات، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمىزنى، دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلىي كۈچىمىزنى ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، 21 ـ ئەسىردىكى كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە تېخىمۇ تەشەببۇسكار ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

2000 ـ يىلى ئەسىر ئالمىشىدىغان يىل، شۇنداقلا 9 ـ بەش يىللىق پىلان، ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى مۇھىم كۆرەش نىشانىغا يېتىدىغان ئاخىرقى بىر يىل. شۇڭا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇھىم. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەربابلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشى، ئىشەنچنى چىڭىتىپ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشى كېرەك. بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشىيىنى يېتەكچى قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئائىت بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇشىمىز كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى كەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ياخشى تۇتۇش، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى داۋاملىق ساقلىشىمىز كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىشنى ھەرقانداق ۋاقىتتا بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ يىل دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ 3 يىللىق نىشانىغا يېتىشتە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، شۇڭا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش سالمىقىنى زورايتىش، بولۇپمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى پائال ئىزدىنىپ ھەل قىلىش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى داۋاملىق كۈچەيتىش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»

تەربىيىسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كېيىنكى باسقۇچلۇق «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. جايلار، تارماقلار خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاشنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى چوڭ ئىش سۈپىتىدە چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش تۈرلۈك خىزمەت نىشانلىرىغا يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر قانداق ئامىللارغا ئىدىيە جەھەتتە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش، خىزمەتتە ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك.

شىاڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكى يېقىنقى زامانلاردا غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىش تارىخىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن، ۋەتەننى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈشتە زور ئىلگىرىلەش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئورۇنداش تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ گەۋدىلىك قويۇلدى. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەككى، تەيۋەن مەسىلىسى چوقۇم ھەل بولىدۇ.

دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەش بولدى، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىقتىسادى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە، خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشى زور دەرىجىدە كۆپەيمەكتە. تۈرلۈك ئالاقىلەر كۆنسېرى قانات يايماقتا، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەن چوڭ قۇرۇقلۇقىغا سالغان مەبلىغى مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولدى. بىر مەھەل بازارغا سېلىنغان ئاتالمىش «ئىككى دۆلەت سەپسەتىسى» مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلارنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى، خەلقئارادا ھېچ قانداق ئاۋاز قوشۇشقا ۋە قوللاشقا ئېرىشەلمىدى. خەلقئارا جەمئىيەت بىر جۇڭگو پرىنسىپىنى، بىر جۇڭگو سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلدى. تەيۋەننىڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمىلىق ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بىز «تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىمىز. بەن بۇنىڭدىن 5 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى 8 تۈرلۈك تەشەببۇس ئۆزگەرمىدى. بىز تەيۋەن دائىرىلىرىدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىمىز، تەيۋەن خەلقىدىن تېخىمۇ ئۈمىد كۈتۈۋاتىمىز. بىز تەيۋەندىكى بىر جۇڭگو پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىدىغان بارلىق پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئەربابلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئالاقە قىلىپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تونۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايمىز. شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە بىر جۇڭگو پرىنسىپى ئاساسىدا دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ سۆزلىشىشى ۋە سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈشنى، ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشنى، تەيۋەن خەلقى ۋە ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشنى يەنە بىر قېتىم مۇراجىئەت قىلىمىز. بىز تەيۋەن بىلەن شىاڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىمىز. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنى بويىچە تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مەزمۇنى شىاڭگاڭ، ئاۋمېننىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈمەنكى، بىر جۇڭگو پرىنسىپى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. ۋەتەننىڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىز جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى پارچىلايدىغان، ئاتالمىش «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىككى قىرغاقتىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ھەرگىز قول قوشتۇرۇپ تۇرمايمىز.

يېڭى ئەسىر ئالمىشىۋاتقان ۋە يېڭى 1000 يىل ئالمىشىۋاتقان بۇ مۇھىم پەيتتە ئۆتمۈشنى ئەسلەپ كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ئالغا بېسىش، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىمىز تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. جۇڭخۇا مىللەتلىرى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ مۇساپىسىدە ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. 20 ـ ئەسىردىكى 100 يىل جۇڭگو خەلقى قىيىنچىلىق ئىچىدە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئاخىرى ئىگىلەپ، ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش داغدام يولىغا قاراپ ماڭغان 100 يىل. 20 ـ ئەسىر باشلانغان چاغدا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى، فېئودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ چىرىكلىكى تۈپەيلىدىن جۇڭگو خەلقى چوڭقۇر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالدىنقىلىرىنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلىرى بېسىپ، قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، فېئودالىزم، جاھانگىرلىك ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگونى قۇردى.يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق بىز ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ يولىغا ماڭدۇق. ھازىر جۇڭگو جەسۇرانە قىياپەت بىلەن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ھازىر جۇڭگو خەلقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ گىگانت قەدەملەر بىلەن ئالغا باسماقتا. جۇڭگونىڭ 20 ـ ئەسىردىكى تارىخى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە دەۋرنىڭ ئالغا بېسىش ئېقىمىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان يولدا باشتىن ـ ئاخىر ماڭغاندىلا جۇڭگونىڭ تەرەققىيات تەقدىرىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغۋار نىشانىغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدى.

ئۆتكەنكى بىر يىلدا جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى مەركەزنى چۆرىدەپ ئومۇمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش فۇنكسىيىسىنى پائال ئادا قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ يېڭى بىر يىلدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا ئائىت زور مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقاتنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ياخشى تەكلىپ، چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئاممىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىنكاس قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، دوستلار، بىز شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلار ئۇلۇغۋار ئىشلار بولۇپ، چەكسىز ئىستىقبالغا ئىگە. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى شەرق ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆركەم قىزىل قۇياش، بۇ قىزىل قۇياش چوقۇم تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل شەپەق نۇرى ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنى يورۇتىدۇ. ئالدىمىزدىكى يولنىڭ تەكشى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىمىز، ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىمخەتەرلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تەييارلىقنى تولۇق ۋە ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ۋەتەنپەرۋەر ئەربابلار بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بولۇپ، پۇختا ئىشلەيدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، بوشاشماي تىرىشىدىغانلا بولسا، ئالدىنقىلارغا مۇناسىپ شانلىق نەتىجىلەرنى چوقۇم يارىتالايدۇ.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

# يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋالايلى

## يېڭى يىلغا بېغىشلىما

## «خەلق گېزىتى» باش ماقالىسى

يېڭى يىلنىڭ قوڭغۇراق ساداسى ياڭرىدى، جۇڭگو خەلقى ۋە دۇنيا خەلقى چەكسىز ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋالدى. مۇشۇنداق مۇھىم تارىخىي پەيتتە، بىز ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى غايەت زور تەرەققىياتىدىن ئىلھام ئالدۇق، پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا ياراتقان شانلىق نەتىجىلىرىدىن پەخىرلەندۇق ۋە ئىپتىخارلاندۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىشەنچكە ۋە كۈچ قۇۋۋەتكە تولدۇق. يېڭىلا ئۆتۈپ ئۆتكەن 1999-يىل بىز دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم يىل بولدى. بۇ يىلدا مەملىكەت بويىچە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى، ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى تەبرىكلىدۇق، مەملىكىتىمىز خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى گۇرۇھىنىڭ يۇگوسلاۋىيىدىكى ئەلچىخانىمىزنى ۋەھشىيلەرچە بومباردىمان قىلغانلىقىغا كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى، لى دېڭخۇينىڭ ۋەتەننى پارچىلايدىغان «2 دۆلەت سەپسەتىسى»گە قاتتىق رەددىيە بەردى، بىز خەلق ئاممىسىغا زىيان يەتكۈزگەن «فالۇن گۇڭپىسى»بىدئەت تەشكىلاتىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن ياخشى سىياسىي مۇھىت ياراتتۇق. بىز مۇھىم نۇقتىنى، ئومۇمىيەتنى، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇشتا، تەرەققىيات جەريانىدا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن خېلى چىگىش، مۇرەككەپ ئىچكى ۋە خەلقئارا مۇھىتتا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردۇق. مالىيە كىرىمى ئاشتى. پۇل مۇئامىلىسى مۇقىم بولدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، خەلقئارادىكى ئورنىمىز كۈندىن-كۈنگە ئۆستى. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىز ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «3كە ئەھمىيەت بېرىش»-تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسىدا چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردۇق، بۇ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يىل مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىلى. بۇ يىلدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق جەھەتتىكى ۋەزىپىلەر ئىنتايىن ئېغىر. يېڭى يىلدا بىز 9-بەش يىللىق پىلاندىكى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇھىم كۆرەش نىشانىغا يېتىشىمىز، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىغا تىرىشىپ يېتىشىمىز كېرەك. ياخشى روھىي ھالەتنىڭ بولۇش-بولماسلىقى، بۇ يىلقى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش-ئىشلىيەلمەسلىك دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2-قەدەمدىكى ئىستىراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىش، 3-قەدەمدىكى ئىستىراتېگىيىلىك نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم. يولداش جياڭ زېمىن پايتەختتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ

ئاۋېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «21-ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ساداسى چېلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، سىياسىينىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى كەلگۈسى دۇنيادىكى 2 چوڭ يۈزلىنىش، ئالدىمىزدا جىددىي خىرىس، تېخىمۇ مۇھىمى تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتى تۇرۇۋاتىدۇ، خىرىس ۋە پۇرسەت ئەقىل پاراسىتىمىزنى ۋە كۈچ قۇۋۋىتىمىزنى سىنىماقتا،» دەپ كۆرسەتتى. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ زور ئارقا كۆرۈنۈشى، چوڭ قۇرۇلمىسى، چوڭ يۈزلىنىشىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تونۇپ، مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا چۈشىنىپ، مەركەزنىڭ بۇ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەر توغرىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئومۇمىي تەلىپىنى توغرا ئىگىلىشى، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى؛ پۇرسەتنى تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىشى؛ ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئۆز رايونى ۋە تارماقنىڭ خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇش، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش دېگىنىمىز يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ، ئىدىيىنى مەركەزنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەھلىلى، ھۆكۈمى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مۇشۇ ئاساستا بېكىتىلگەن ۋەزىپە، فاڭجېن، سىياسەت ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش دېگەنلىك. پۇرسەتنى تۇتۇپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش دېگىنىمىز پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق پايدىلىق ئامىللاردىن ۋە شارائىتلاردىن ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش دېگەنلىك. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش دېگىنىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش غايىسى ۋە ئېتىقادىنى چىڭىتىپ ھەم ئالغا بېسىش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى تولۇق مۆلچەرلەش، ھەم جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، ياخشى روھىي ھالەت ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاش دېگەنلىك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت مۇھىم ھالقىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلىي كۈچى ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى 21-ئەسىرگە نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەمەلىي كۈچنى ئاشۇرۇشتا ئىتتىپاق ۋە مۇقىم بولغان ئىچكى مۇھىت ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا پايدىلىق خەلقئارا مۇھىت بولۇشى كېرەك. بىز مۇقىملىق — سىياسىي ۋە ئومۇمىيەت، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، مۇقىملىق بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، دېگەن قائىدىنى قايتا-قايتا تەكىتلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى داۋاملىق راۋاجلىنىۋاتىدۇ، بىز دىپلوماتىيە خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز چوقۇم بۇ ۋەزىيەتنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرگە چوقۇم تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئېتىبار بىلەن ياخشى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇپ، كادىرلار، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى ئىشقا سېلىشىمىز ۋە قوغدى-


شىمىز كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ياخشى، توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. مۇقىملىقنى ساقلاشتا، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تايىنىپ، ئالغا بېسىش داۋامىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى تەرەققىيات ئارقىلىق ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ رېتىمىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىسلاھاتنىڭ سالمىقى ۋە تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتىنى جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، ئاچقۇچلۇقى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك. بۇنى ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئىسلاھاتقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنى ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش، ئۇلارنى ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىش كېرەك. بۇنى پارتىيىمىزنىڭ مەقسىتى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن، ئۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭمۇ ئاچقۇچى ۋە بەلگىسى.

20-ئەسىر ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ، 2000 يىل مابەينىدە ئىنسانلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىگەن ئېغىر بەدەللىرى بىزنى كەلگۈسىنى تەۋرەنمەي يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرماقتا ۋە رىغبەتلەندۈرمەكتە. شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ياراتقان ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان جۇڭخۇا مىللەتلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يېڭى تارىخ يارىتىش پائالىيىتىدە مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ زور. جۇڭگو خەلقى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە 100 يىل قان كېچىپ كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىر مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە جۇڭگو خەلقى 100 يىل جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى تېخىمۇ جەسۇرانە قىياپەت بىلەن دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىشتە تۈز يول يوق. ئۇزاققىچە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا، پۈتۈن مىللەتنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىغا، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىشىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتەلەيمىز. بۇنىڭدا ئىچكى ۋە خەلقئارا مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئىگىلىيەلەيدىغان، خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىمخەتەرلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغان رەھبەرلىك يادروسى بولۇشى كېرەك، مۇھىمى ئىلمىي نەزەرىيە ۋە توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ئارقىلىق 1 مىليارد 200 مىليون خەلقنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. ئۆتكەن يىلدىن بۇيانقى پاكىتلار، ئۆتكەنكى 10 يىلدىن بۇيانقى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چىگىش، مۇرەككەپ ئىچكى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتە، ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلار ئالدىدا پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسى جەددىي سىناقلاردىن ئۆتتى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىناۋىتى جەددىي سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىدى، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى جەددىي سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك ئۇلۇغ ئىش جەددىي سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى. بىز چوقۇم بۇلارنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ ۋە ئاسراپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋېلىپ، تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى يارىتايلى!

# يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى

مەركەز چاقىرغان يېزا خىزمىتى يىغىنى 2 كۈن داۋام قىلىپ، 1-ئاينىڭ 6-كۈنى بېيجىڭدا يېپىلدى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى تەلەپلىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ساپاسىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى باسقۇچىدىكى مەركىزى ۋەزىپە. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بازارغا يۈزلىنىشتە، ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇش، دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپنى ئېتىبار بىلەن ياخشى تۇتۇش كېرەك: (1) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشىنىڭ، بازار تەلىپىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنىڭ، ئەلا سۈپەتلىك بولۇشقا قاراپ راۋاجلىنىشىنىڭ تەلىپى. نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش تەس بولۇش، رىقابەت كۈچى كەمچىل بولۇش، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇل ئېشىپ، كىرىم ئاشماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭمۇ مۇھىم يولى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى كىرگۈزۈش، يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش قەدەمىنى تېزلىتىپ، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. (2) چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق زاپىسى بىر قەدەر كۆپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پۇرسىتى خېلى پىشىپ يېتىلدى. شۇڭا ھەقىقىي ئۈنۈملۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چارۋا ـ مال ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يەم-بوغۇز سانائىتى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سىپتا پىششىقلاپ ئىشلەشنى راۋاجلاندۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى تېزلىكتە يىرىك كەسىپكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. (3) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بازارنى باشلامچى قىلىپ، مەۋقەنى ھازىر بار پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ياخشىلاشقا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۆز پېتى ساقلاش-توشۇش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش، ئىشلەپچىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى



زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. (4) يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش كېرەك. دېڭىز بويىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان رايونلار ۋە چوڭ شەھەر ئەتراپى رايونلىرى يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان يېزا ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. مۇھىتى ناچار رايونلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەردە ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش، كۆل چېپىش ئارقىلىق ئورمان ـ باغ ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش كېرەك. ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلار قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. (5) يېزىلاردا ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كېرەك. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ۋە كىچىك شەھەر ـ بازارلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ 2 ـ ، 3 ـ كەسىپكە يۆتكىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يېڭى باسقۇچتىكى قۇرۇلمىنى تەڭشەش داۋامىدا مۇنداق 4 تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلىشى كېرەك: 1. يېزا بازارلىرى سىستېمىسى قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىپ، مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان جايلاردا توپ سېتىش بازارلىرى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنىڭ ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىكى تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. 2. يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۆز پېتى ساقلاش، ساقلاش ـ توشۇش تېخنىكىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىدە سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش ۋە كېڭەيتىش، پەيدىنپەي دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە ئىگە يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇقىرى پايدا بېرىدىغان پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىستېمىسى ۋە دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرىدىغان يېزا ئىگىلىك مائارىپ ـ تەربىيىلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. 3. يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يۆلەش كېرەك. بۇنىڭدا ئاچقۇچلۇقى باشلامچى كارخانىلارنى ياخشىلاش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتىدىكى ھەر خىل شەكىلدىكى ۋاسىتىچى تەشكىلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى ئورۇنلار پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى بولالايدۇ، توپ سېتىش بازارلىرىنى قۇرالايدۇ ۋە ئوبوروتتا ۋاسىتىچى تەشكىلات بولالايدۇ. قايسى خىل شەكىلنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، دېھقانلار بىلەن مۇقىم سېتىۋېلىش ـ سېتىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولالىسىلا، بازارغا كىرەلىسىلا ئۇلارنى يۆلەش كېرەك. 4. كىچىك شەھەر ـ بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. كىچىك شەھەر ـ بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا يۆلەك بولۇش ئارقىلىق يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. دېھقانلارنى كىچىك شەھەر ـ بازارلارغا كىرىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان سىياسەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنى مەبلەغ سېلىپ كىچىك شەھەر ـ بازارلارنى قۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بازار مېخانىزمىغا تايىنىپ، كىچىك شەھەر ـ بازار قۇرۇش يولىدا مېڭىش كېرەك.

زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى ياخشى تۇتۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار ئارقىلىق كۆپەيتىش بىلەن بىللە، يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك.

# شىنجاڭدىن تۇنجى قېتىم ئاكادېمىك چىقتى

1999 ـ يىل 27 ـ دېكابىر بېيجىڭدىن جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىگە بۇ يىل يېڭىدىن سايلانغان 113 ئاكادېمىكنىڭ ئىچىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 ئالىمنىڭمۇ ئورۇن ئالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بۇ 2 ئالىم «قوغۇن تاۋۇز پادىشاھى» دەپ ئاتالغان ۋۇمىڭجۇ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى ليۇشۇرېن، بۇنىڭ بىلەن، 23 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ئاكادېمىك بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى دېگەن نام دۆلەت تەسىس قىلغان قۇرۇلۇش پەن ـ تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئەڭ يۇقىرى ئىلمىي نام، ئۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى دېگەنگە ئوخشاش ئۆمۈرلۈك شەرەپ. شىنجاڭمۇ، شىزاڭ، گۇاڭشىغا ئوخشاش مەملىكەت بويىچە ئاكادېمىك يوق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بولۇپ كەلگەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىللىقى ئاكادېمىك سايلىمىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تاللاش كومىتېتى قۇرۇپ، يۇقىرىغا يوللايدىغان نامزاتلارغا ھەرقايسى جەھەتلەردىن قاتتىق تەلەپ قويدى ۋە نامزاتلارنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. بۇ 2 ئالىم چېكرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، ئاساسىي قاتلامدا ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلەپ كەلگەن، قان-تەر تۆكۈش ۋە ئەقىل پاراستىنى ئىشقا سېلىش بەدىلىگە ئاجايىپ ئىلمىي ئابىدىلەرنى تىكلىگەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە پەن تېخنىكا ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. نۇرغۇن ئاكادېمىك نامزاتلىرى ئىچىدىن تاللىنىپ چىقتى.

# شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسورلار دۇنيا سۇچىلىقىدىكى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى سۇچىلىق ۋە بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى جۇجۇ 1999-يىل 12-ئاينىڭ بېشىدا «ب د ت سانائەت تەرەققىياتى تەشكىلاتى جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ سۇپەت باشقۇرۇش بۆلۈمى»دىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە ئۇلار تەتقىق قىلىپ چىققان «ۋاررونكا شەكلىدىكى قۇمنى چىقىرىۋېتىش» تېخنىكىسىنىڭ بۇ تەشكىلات تەرىپىدىن «جۇڭگونىڭ 100 نۇرلۇق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسى»گە كىرگۈزۈلۈپ بۇ تېخنىكىنى دۇنياغا ئومۇملاشتۇرۇش كېڭەيتىش قىممىتى يېزىلغانىدى.

بۇ، جۇجۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئون نەچچە يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ ھەل قىلغان دۇنيا سۇچىلىقىدىكى قىيىن مەسىلە. لاي ـ شېغىلنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغانلىقى ۋە جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇجۇ، خۇجىيې، چيۇ شيۇيۈن. قاتارلىق پروفېسسورلىرى 80-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا كىرىشكەنىدى. ئۇلار دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى قۇمنى چىقىرىۋېتىش ئۈسكۈنىلىرىگە دائىر ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، 50 ـ يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى شاراكوخوۋ ئىجاد قىلغان قۇمنى چىقىرىۋېتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ قۇم توسۇشچانلىقى يۇقىرى، قۇمنى چىقىرىۋېتىشتە سەرپ قىلىنىدىغان سۇ مىقدارى باشقا ئۈسكۈنىلەردىن ئاز بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەمما بۇ ئۈسكۈنە ئارقىلىق قۇمنى تولۇق چىقىرىۋەتكىلى بولمايتتى. ئۇلار بۇ مەسىلىگە قارىتا 280 گۇرۇپپىدىن ئارتۇق تەجرىبە ئىشلەپ بېرىپ، بۇ قۇرۇلمىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى ۋە يېڭىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، يۇقىرى سۈرئەتلىك سۇ ـ ئېلېكتر ئىلمى، دۆلەت نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سۇ ـ ئېلېكتر ئىلمى، ساھەسىدىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىس، پروفېسسور ۋۇچىڭگۈڭنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇلار سۇ ئېقىمى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنى ئىگىلىدۇ. 1995 ـ يىلى ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن «ۋاررونكا شەكلىدىكى قۇم چىقىرىش» تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

1998-يىلى 8-ئايدا بۇ تۈر ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى تەشكىللىگەن نەتىجىلەرنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتىدۇ.

بۇ تېخنىكا نەتىجىسى ھازىر سۇغىرىش، توك چىقىرىش، سانائەت ۋە ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسى قاتارلىق ساھەلەردىكى لاي ـ شېغىلنى بىر تەرەپ قىلىشتا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە ۋە مۇھىت ئاسراش، سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىماقتا.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۇچىلىق ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى جۇجۇ ( ئوڭدىن 2 ـ كىشى)، دوتسېنت خۇجىيې (سولدىن 2 ـ كىشى)، پروفېسسور چيۇشيۇيۈن (سولدىن 3 ـ كىشى) ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن «ۋاررونكا شەكلىدىكى قۇم چىقىرىش» تېخنىكىسىدىن مودېل تەجرىبىسىنى ئىشلىمەكتە.

# ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخى پۇرسەتنى تۇتۇپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم

ھازىر بىز ئەسىر ئالمىشىۋاتقان پەيتتە تۇرماقتىمىز، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەككى، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تېزلىتىش، بولۇپمۇ غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى زور دەرىجىدە ئېچىشنى چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىش لازىم. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش ــ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، پارتىيە ۋە دۆلەتنى ئۇزاققىچە ئەمىن تاپقۇزۇشتا ئومۇمىيەتكە ئىگە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ، ئۇ زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇھىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلاندى. پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. ھازىردىن ئېتىبارەن، بۇنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى قىلىپ، تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىم.

مەملىكەت بويىچە جايلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش، مەملىكەت بويىچە ئىقتىساد، جەمئىيەتنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش، ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىش ــ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. مەركەز ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شەرقىي قىسىم بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىشنى ئۇزاق مەزگىل چىڭ تۇرىدىغان مۇھىم فاڭجېن قىلىشنى تەكىتلەپ كەلدى ۋە بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مەركەز ۋە باشقا رايونلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئامما ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئىنتىلىپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتا ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

80 ــ يىللاردا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىدى. ئۇ «ئىككى چوڭ ئومۇمىيلىق» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى چوڭ ئومۇمىيلىق ــ شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشىنى تېزلىتىپ، ئۇلارنى ئاۋۋال بىر قەدەر تېز راۋاجلاندۇرۇش، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلار بۇ چوڭ ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىش؛ ئىككىنچى چوڭ ئومۇمىيلىق ــ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن مەزگىلگە بارغاندا، مەسىلەن: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا مەملىكەت بويىچە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن چاغدا، تېخىمۇ كۆپلىگەن كۈچنى ئاجرىتىپ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش، شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويىدىكى رايونلارمۇ بۇ چوڭ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇش، دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغان، بىر مەزگىلدە تەڭ قەدەمدە بېيىش، ئوخشاش بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش رېئال ئەمەس، مۇقەررەركى بەزىلىرى ئالدىن بېيىيدۇ، بەزىلىرى كېيىن بېيىيدۇ، تەرەققىياتنى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش تەسەۋۋۇرى بولۇش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك بۇ تەسەۋۋۇرى ــ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن،

شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار ئالدى بىلەن تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئاندىن ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەش ۋە قوللاش، ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت بۇنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان چوڭ ئىستراتېگىيە، چوڭ تەسەۋۋۇر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار ئۆزىنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولغان ئىقتىسادىي ئاساسى، ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە دۆلەتنىڭ قوللاش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا خېلى ئەمەلىي كۈچ توپلىدى. ھازىر ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلار تەرەققىياتنى تېزلىتىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى. ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ، تەرەققىياتنى قانداق تېزلىتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئويلىشىش لازىم. غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ـ خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا، تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ھەم ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىغا يېتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ يېرى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە ھەم غايەت زور يوشۇرۇن بازار، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلەتكەندە ھەر خىل بايلىقلارنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ۋە يۈرۈشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كەڭ زېمىن ۋە غايەت زور تۈرتكىلىك كۈچ بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، كۆپ قېتىملىق تەبىئىي ئاپەت ۋە ھەر خىل سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئۈزلۈكسىز يامانلاشتى. بولۇپمۇ سۇ بايلىق مەنبەسى قىس بولۇپ كەلدى، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولدى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بارغانسېرى يامانلىشىپ، چۆللىشىش يىلدىن ـ يىلغا كۈچەيدى ۋە ئۈزلۈكسىز شەرققە كېڭەيدى. بۇ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى باشقا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغىمۇ پايدىسىز تەسىرلەرنى كەلتۈردى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ـ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم تېما. ئەگەر ھازىردىن ئېتىبارەن تىرىشىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىمىساق، غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي قىسمىدىكى رايونلار چېگرا رايونغا جايلاشقان. غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ـ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا ناھايىتى مۇھىم بولغىنى ـ بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىشتىن ئىبارەت. ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىسە، مىللەتلەر ئورتاق بېيىسا ـ باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكىلى بولىدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشمۇ تېخىمۇ كۈچلۈك ماددىي ئاساس ۋە ئىدىيە، سىياسىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان شارائىتتا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن يېڭى تەسەۋۋۇر بولۇشى لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش تەلىپى ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنىڭ ئېھتىياجىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشنى تولۇق ئويلىشىش،

ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش لازىم. دۆلەت ماكرولۇق تەڭشەش، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. نېمە ئىشلارنى قىلىش، نېمە ئىشلارنى قىلماسلىق پرىنسىپى بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ئېچىش، شامال چىقىرىشتىن ساقلىنىش، «ھە ـ ھۇ بىلەن يولغا قويۇش»تىن ساقلىنىش لازىم. كېيىنكى 5 يىللىق پىلاننى تۈزگەندە، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى مۇھىم فاڭجېن قىلىش لازىم.

غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ھەر خىل پايدىلىق ۋە پايدىسىز ئامىللارنى تولۇق ئويلىشىپ، كادىرلار، ئاممىا ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىش لازىم. ئومۇمىي پرىنسىپ: غەربىي قىسىمنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش بىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈچىنچى قەدەمدىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى نىشانىغا يېتىش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچىنى مۇقىم ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، يۆتكەپ چىقىم قىلىش ئارقىلىق غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى قوللاش سالمىقىنى چوڭايتىش؛ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىش ئاساسىدا، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى قاتارلىقلارنى جەلپ قىلىپ، غەربىي قىسىمنى ئېچىشقا ئاتلاندۇرۇپ، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشنى نىشانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشى، سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىم. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، ئىلىم ـ پەن مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكىنى كېڭەيتىش، ئۆزگىچە ساياھەتچىلىك، قاتناش، خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىر تۇتاش پىلانلاش لازىم.

دۆلەت قوللانغان غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جۈملىدىن ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى قوللاش، كارخانىلاردا مەبلەغنى ئاشۇرۇپ قەرزنى ئازايتىش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ قوللاش، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلار مالىيىسىگە يۆتكەپ چىقىم قىلىش سالمىقىنى چوڭايتىش لازىم.

غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش غايەت زور سىستېما قۇرۇلۇشى ھەم مىسلىسىز مۇشەققەتلىك تارىخىي ۋەزىپە ھەم تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىدا بولۇپ، لايىھە، قەدەم باسقۇچ ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇش ھەم ئۇزاق مەزگىل كۈرەش قىلىدىغان ئىدىيىۋى تەييارلىقنى تولۇق ياخشى قىلىش لازىم. غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى كادىرلار، ئاممىا بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ يېڭى نەتىجە يارىتىش لازىم. بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بىر قانچە ئون يىل ھەتتا پۈتكۈل كېيىنكى ئەسىردە جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، تىرىشىپ، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئىقتىسادىي گۈللەنگەن، جەمئىيىتى ئالغا ئىلگىرىلىگەن، تۇرمۇشى خاتىرجەم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

( باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى).

# ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات _ ئىدىيە سېپىدىكىلەرنىڭ «پۇرسەتنى تۇتۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش» مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ۋۇدۇنغۇ

1999 _ يىل 3 _ ئايدا جياڭ زېمىن «ئىككى يىغىن» مەسئۇللىرى يىغىنىدا: «بىز ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە تۇرۇۋاتىمىز، ئوتتۇرا غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتىنى، بولۇپمۇ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تېزلىتىشىمىز كېرەك. بۇ، پۈتۈن مەملىكەت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ ئىستراتېگىيىسى، چوڭ پىكىر يولى، شۇنداقلا جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى» دەپ كۆرسەتتى. 6 _ ئاينىڭ 17 _ كۈنى، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە _ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى سۆھبەت يىغىنىدا، ئۇ غەربىي قىسمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتتى؛ 9 _ ئاينىڭ 29 _ كۈنى، يولداش جياڭ زېمىن يەنە مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: «ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ، بولۇپمۇ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ شەرتى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلاندى» دەپ كۆرسەتتى. كېيىن، 11 _ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاياغلاشقان مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك پىلان خىزمىتى يىغىنىدا، غەربىي قىسمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى قىلىنىپ، قورۇلۇش مەبلىغى، تۈرى، سىياسەتتى قاتارلىق جەھەتلەردە غەربىي قىسىمغا مايىللىشىش قارار قىلىندى. بۇ يىل بۇ ئىستراتېگىيە يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىلىدۇ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەھەتتە ماھىيەت خاراكتېرلىك قەدەم تاشلىنىدۇ.

غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭمۇ ئىزچىل تەشەببۇسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 80 _ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا مۇنداق ئىككى ئومۇمىيلىق ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى: ئۇنىڭ بىرى، شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بىر قەدەر تېز ھالدا ئاۋۋال راۋاجلاندۇرۇش، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلار بۇ ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىش؛ يەنە بىرى، تەرەققىي قىلىپ مەلۇم مەزگىلگە بارغاندا، مەسىلەن، 20 _ ئەسىرنىڭ ئاخىرى مەملىكەت بويىچە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەندە، تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش، شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىمۇ بۇ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇش. بۇ، ناھايىتى يىراقنى كۆرگەنلىك.

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق ئىجتىمائىي زىددىيەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، بۇ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا دۇچ كەلگەن ئاساسلىق ئىجتىمائىي زىددىيەت بىلەن بىردەك. مۇبادا مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇزاققىچە ئارقىدا قالسا، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: «مىللىي زىددىيەت، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ مۇناسىپ ھالدا ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشى مۇمكىن». مىللىي رايونلار ئىگىلىكى پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مىللىي رايونلار زامانىۋىلاشمىسا، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشى

شىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئىشەنچ ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. ھەتتا تەتۈر كۈچ پەيدا بولۇشى مۇمكىن تەرەققىيات چىڭ قائىدە، يېڭى دەۋردە مىللىي رايونلاردا ساقلانغان ئاساسلىق ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى، تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، تەرەققىياتقا تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، مىللىي رايونلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنى تېخىمۇ كۈچلۈك ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتا؛ رايونلار، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، ئاخىرى ئومۇمىي خەلقنى ئورتاق بېيىتىشتا؛ ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتا؛ دۆلىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە تەڭگەش راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن. بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مىسلىسىز ئۇلۇغ ئىش.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، مەركەزنىڭ غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ھەممىسىگە تەڭ كۈچ چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس، غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭمۇ تەڭ ئىلگىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى كەم غەنىيمەت بىلسە، مۇشۇ ئەسىردە تېخىمۇ زور تەرەققىي قىلىشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا شۇ ئىگە بولىدۇ.

شىنجاڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. بىرىنچى، مەركەز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا زور ئۈمىد باغلاۋاتىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇزاق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا، مەركەز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپ جەھەتتىن نۇرغۇن ياردەم بەردى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆپ قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلدى. 1981-يىل 8-ئايدا، يولداش دېڭ شىياۋپىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، 1987-يىل 6-ئايدا، ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كات بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ بايلىقىنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا، جۈملىدىن شىنجاڭ بىلەن شىنجاڭغا جايلاشقان، «مۇبادا بۇ رايونلار ئېچىلىدىغان بولسا، ئىستىقبال ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.» يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭنى ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىم كۆزدىن كەچۈردى، ھەر ئىككى قېتىمدا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ: «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش»، «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق» دەپ كۆرسەتتى. بولۇپمۇ 1998-يىل 7-ئايدا شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۇ: «مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ پايدىلىق شەرتىنى ھازىرلىدى، شۇڭا ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەسىردىكى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تايىنىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى، ئۇ يەنە: «مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭغا

زور ئۈمىد باغلاۋاتىدۇ، «كېيىنكى تەرەققىياتتا شىنجاڭغا قاراش» مەركىزىي كومىتېت ۋە كەڭ كادىرلار ـ ئاممىنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ئىرادىسى بولۇپ قالدى، دېدى. ئىككىنچى، شىنجاڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈك ۋە ئورۇن ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرى كەڭ؛ تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 6 دىن 1 نى ئىگىلەيدۇ، 8 دۆلەت بىلەن چېگرىداش، ئاپتونوم رايون دۇنيادىكى 80 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، چېگرىدىكى 33 ناھىيە ـ شەھەرنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتتى، چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى ۋە ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىياتى رايونىدىن 36 نى قۇردى، 15 چېگرا ئېغىزىنى سىرتقا ئېچىۋەتتى، روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىشىغا، ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۇتىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ مۇشۇ ئەسىردە غەربكە ئېچىۋېتىلىدىغان مۇھىم دەرۋازا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۈچىنچى، شىنجاڭ باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا بولمىغان مول قېزىلما بايلىقلىرىغا ۋە ئۆزگىچە قۇياش نۇرى، سۇ، تۇپراق شارائىتىغا ئىگە. مەملىكەت بويىچە بايقالغان ئېھتىياجلىق قېزىلما بايلىقى تەخمىنەن 150 خىل بولۇپ، ئۇنىڭ 129 خىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقى 76 خىل بولۇپ، 8 خىلى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، قىممىتى 6 تىرىليون يۈەندىن ئاشىدىغان قېزىلما بايلىقى كۆمۈلۈپ ياتماقتا، بولۇپمۇ نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر زاپىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر زاپىسىنىڭ 3 تىن 1 قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقىنىڭ بىرىكىشى بىر قەدەر ياخشى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليارد موغا يېتىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 5 تىن 1 نى ئىگىلەيدۇ، بولۇپمۇ ئۆزگىچە قۇياش نۇرى، سۇ، تۇپراق بايلىقى كۆلەملەشكەن ۋە توپلانغان يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ھەل قىلغۇچ شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. گەرچە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئاددىي ھالدا ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە تەڭلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مول بايلىققا ئىگە بولغانلىق ھامان ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئارتۇقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ۋە زاپاس كۈچىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. تۆتىنچى، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى، ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئۇل كەسىپلەر قۇرۇلۇشى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. 1950 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم مۈلۈككە جەمئىي 316 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 67 مىڭ تۈر قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدىغان خەۋەرلىشىش ئوپتىك كابېلى بارلىققا كەلدى، كۆپ يۆنىلىشلىك، كۆپ سىغىمچانلىق، تېز سۈرئەتلىك، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ـ سىرتى بىلەن تۇتاشقان رەقەملىك غول لىنىيە ئارقىلىق يەتكۈزۈش تورى شەكىللەندى؛ لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئاللىقاچان پويىز قاتنىغان ئاساستا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى قەشقەرگە تۇتاشتۇرۇلدى؛ ئاپتوموبىل قاتنايدىغان ئومۇمىي تاشيول مۇساپىسى 32 مىڭ 701 كىلومېتىرغا يەتتى، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭچەن ئالىي دەرىجىلىك تاشيولىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە ئۈرۈمچى ـ كۇيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولى قاتارلىقلارنىڭ ياسالغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىز تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋىلىشىش يېڭى باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ زور بىر تۈركۈم سۇ قۇرۇلۇشلىرى، مەسىلەن، ئۇلۇغ ئاتا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ سۈيىنى قارامايغا باشلاش قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى. بىز نېفىت، پولات ـ تۆمۈر، كۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق سانائىتى قاتارلىق كۆپ خىل زامانىۋى سانائەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردۇق. 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 111

مىليارد 669 مىليون يۈەنگە يەتتى، بىر قىسىم سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس سېلىندى. بەشىنچى، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسىي جەھەتتە مۇقىم، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت تېخىمۇ مۇستەھكەملەنمەكتە، خەلق تىنچلىقنى، تەرەققىياتنى، بېيىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ھال توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى. دېمەك، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭنىڭ ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشى ۋە مۇشۇ ئەسىردە دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشتا كىشىلەر كۆز تىكىدىغان يېڭى، مۇھىم تايىنىش نۇقتىسىغا ئايلىنىشى ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق بولۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ كۈچلۈك ئورتاق ئارزۇسى. بىزچوقۇم بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، ئۇنى پائال قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، شىنجاڭنى ئېچىشتا مۇنداق بەزى پايدىسىز ئامىللارمۇ مەۋجۇت: ئاساسىمىز ئاجىز، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى تۆۋەن، ئىقتىسادنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەركىبىي تۆۋەن، ماتارىپ بىر قەدەر ئارقىدا، ئىختىساس ئىگىلىرى كەم ۋە باشقىلار. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىش باركى، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا شىنجاڭ ۋە غەربىي قىسىمنى ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى تېخى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنمايۋاتىدۇ، كەيپىيات تېخى قويۇق ئەمەس، تېخىمۇ كۆپ خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇندىن باشقا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا ئىزچىل تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي خەۋپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنى ئېچىش غايەت زور سىستېما قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا مىسلىسىز جاپالىق تارىخىي ۋەزىپە. تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىرقى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، بىرىنچىدىن، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، كۆپچىلىككە مەركەزنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەت ئىكەنلىكىنى؛ شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا تۇتقان ئورنىنى؛ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى مەركەز ۋە قېرىنداش ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى؛ تېخىمۇ مۇھىمى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلىشىمىزگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى؛ كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ۋاقىت بىزنى ساقلاپ تۇرمايدۇ دېيىدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئارقىلىق جانلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىپ، شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ جاراڭلىق سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىشىمىز لازىملىقىنى تولۇق تونۇتۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەشۋىقاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «غەربنىڭ تەبىئىي گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى تۇتاشتۇرۇش، شىمالنىڭ سۈيىنى جەنۇبقا باشلاشتەك چوڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شىنجاڭنى ئېچىش ئىشىنى ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ئەڭ جانلىق بولغان، كىشىلەر تەلپۈنىدىغان ئىقتىسادىي رايونغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم؛ ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات ۋە تاشقى مۇھىت يارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى شىنجاڭغا يەنىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دۇنيا خەلقىگە شىنجاڭنى يەنىمۇ تونۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ياخشى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئاجايىپ نەتىجىلىك تەتقىقات ۋە تەشۋىقات، تەرغىبات خىزمىتى ئارقىلىق، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن چوڭقۇر قاتلامدىن مۇلازىمەت قىلىش لازىم. قىسقىسى، تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى ئارقىلىق شىنجاڭنى ئېچىشنى ئىدىيىۋى كاپالەت، نەزەرىيە يېتەكچىلىكى، مەنىۋى كۈچ ۋە جامائەت پىكرى كەيپىياتى بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

# «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى داۋاملىق چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن مەملىكەتتىكى نەچچە يۈز مىڭ رەھبىرىي كادىر ۋە نەچچە مىليون كادىر، ئامما قاتناشقان بۇ قېتىمقى «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىدىكى بىر قېتىملىق ئىجادىي ئىزلىنىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش بولۇپ، ئۇ يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش روھى ۋە پارتىيىنىڭ «ئۈچ چوڭ ئىستىلى» نىڭ يېڭى دەۋردىكى بېيىتىلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشى. بۇ يىل ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپى بويىچە يەنىلا رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھەقىقىي چىڭ، ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە مەركەزلىك تەربىيىلەش ئاخىرلاشتى، مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مەھكىمە، باشقارما ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت-ئىدارىلەرنىڭ «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مەركەزلىك تەربىيىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئېلىپ بېرىلىش قەدىمى ئوڭۇشلۇق، ساغلام بولدى، رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلار ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىنتىزام جەھەتتە روشەن ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىپ، مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى. ئاساسلىق ئۈنۈمى مۇنۇلاردا ئىپادىلىنىدۇ: توغرا غايە ۋە ئېتىقاد تىكلەش ئاڭلىقلىقى كۈچىيىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسى قەتئىيلەشتى؛ سىياسىي ئېڭى، ئومۇمىيەت ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى كۈچىيىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىشتىكى قەتئىيلىكى ۋە ئاڭلىقلىقى ئۆستى؛ دېموكراتىيە — مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچىيىپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەت قارىشى ۋە پاك، ئىنتىزامچان بولۇش، ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭى كۈچىيىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئايىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئاڭلىقلىقى ئۆستى؛ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقى كۈچىيىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى ئۇرغۇپ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئالدىنقى باسقۇچلۇق «3كە ئەھمىيەت بېرىش» بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مەركەزلىك تەربىيىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. لېكىن نەتىجىلەرنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىۋېتىشكە بولمايدۇ. جايلار، تارماقلار ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە مۇئامىلە قىلىشى، ھازىرقى ھالەتكە قانائەت قىلمىدىغان، بىر ئىزدا توختىۋېلىپ ئىلگىرىلىمەيدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقى كېرەك، ئۇ زىيانلىق.

ئالدىنقى باسقۇچلۇق «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق تەجرىبىلىرى مۇنۇلار:

1. ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، تەربىيە ئارقىلىق كادىرلارنى ئۆستۈرۈشتە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش؛ 2. يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، كادىرلارنى ئۆزىنى توغرا تونۇشقا، ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇشقا يېتەكلەش؛ 3. ئاممىغا قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رەھبەرلىكى، پىلانى بولغان ھالدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىش؛ 4. تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى ھەقىقىي قولغا ئېلىپ، ئاكتىپ، ساغلام بولغان ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنى ئەستايىدىل، جانلىق بولغان پارتىيە تۇرمۇشى داۋامىدا پار-

تېيشۈلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛ 5. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇش، دەرىجىمۇ دەرىجە يېتەكلەش.

بىر يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تېمىنى ھەل قىلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى توغرا تەدبىر.

مەركەزلىك تەربىيىنى تاماملىغان جايلار ۋە ئورۇنلار ئىدىيۋى تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرتىپكە سېلىش، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى داۋاملىق پۇختا ھەل قىلىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملىشى ۋە كېڭەيتىشى كېرەك. مەركەزنىڭ «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر قېتىم «ئارقىغا قاراپ بېقىش» پائالىيىتى تەشكىللەپ، «ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» ئاڭلىقلىقىنىڭ ھەقىقىي ئۆسكەن-ئۆسمىگەنلىكىگە، ئالدىنقى مەزگىلدە ئامما ئىنكاس قىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ھەل بولغان-بولمىغانلىقىغا، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ روشەن ياخشىلانغان-ياخشىلانمىغانلىقىغا قاراپ بېقىشى كېرەك. تەرتىپكە سېلىش، تۈزىتىش لايىھىسىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى شارائىتلا بولىدىكەن، چوقۇم ھەقىقىي كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئىمكانقەدەر تېز ھەل قىلىش كېرەك. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مەركەزلىك تەربىيە جەريانىدا تەكشۈرۈپ تېپىلغان، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئاساسىدا تۈزۈم جەھەتتە ئەكس ئەتكەن يوچۇقلارنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تۈزۈم تۇرغۇزۇپ ئېتىش، رەھبەرلىك خىزمىتى تۈزۈمى، پارتىيە تۇرمۇشى تۈزۈمى، كادىرلار خىزمىتى تۈزۈمى، ئورگان باشقۇرۇش تۈزۈمى، ھوقۇقنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاممىغا زىچ تايىنىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ تەرتىپكە سېلىش-تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورۇنلار پارتىيىمىزنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇرۇلمىسى ھەمدە ئومۇمىي خىزمەتلەردە يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى بىر-بىرىگە باغلايدىغان مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى. ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پۇختا، تۈجۈپىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلىپ بۇ ئىشنى كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى ئىشلىشى لازىم.

قىسقىسى، يەنىلا مەركەزنىڭ ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ بولتۇر «1-ئىيۇل» نى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھى بويىچە ئېلىپ بېرىش، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇش، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، تۆۋەندىكى 5 جەھەتتىكى مەسىلىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك: بىرىنچى، ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادنى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئاخىرىدا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولغان ئېتىقادنى قەتئىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە مەركەزنىڭ زور تەدبىرلىرىنى قەتئىي، ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش كېرەك. ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشقا دىققەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا

ئىشلەش كېرەك. ئىختىيارىيلىق، بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىش، ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش ۋە قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەملەپ، پاك، ئىنتىزامچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. بەشىنچى، راستچىل بولۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىش قىلىش ئاممىغا تايىنىش، بامەسلىھەت ئىش قىلىشتەك ياخشى ئىستىلنى تىكلەش كېرەك. ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە باشتىن-ئاخىر كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئاممىنى قەتئىي تەۋرەنمەي سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىش كېرەك. سىياسەتنى توغرا ئىگىلەپ، ھەر بىر كادىرنىڭ تۆھپىسى ۋە سەۋەنلىكلىرىگە ئادىل، دۇرۇس، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىدىغان، خىزمەتتە ئاكتىپ، تىرىشچان، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپتا چىڭ تۇرالايدىغان، ئەسكى ئادەم، يامان ئىشلار ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى تۇتۇشقا، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كادىرلارغا قارىتا ھەم تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە، كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىۋېلىشىغا قىزغىن ياردەم بېرىش، ھەم ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش لازىم. رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سەييارە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىپ، پارتىيىمىزنى ئۆزىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە تېخىمۇ ئوبدان ۋەكىللىك قىلىپ، ھەر خىل خەۋپ-خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، رەھبەرلىك ياردروسلىق رولىنى تېخىمۇ قەيسەر، كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان زور مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىل پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە، بىرىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىتىش لازىم. ئالدىنقى باسقۇچلۇق «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە مەركەزلىك تەربىيىلەش داۋامىدىكى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش تەجرىبىلىرىنى ئوبدان تەتبىقلاپ، كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى ئەستايىدىل ياخشىلاپ، ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئۆگىنىش دولقۇنىنى ھەقىقىي قوزغاش لازىم. ئىككىنچىدىن، رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىش لازىم. بولۇپمۇ مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە، تارىخىي ۋەزىپە قاتارىغا قويۇپ، تىرىشىپ چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يېزىلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم. تۆتىنچىدىن، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇشنى، پارتىيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، «ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاپ سالماق ھالدا راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىغا جەزمەن قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. بەشىنچىدىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم. ئالتىنچىدىن، «پارتىيىمىنى باشقۇرۇش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ياخشىلاپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. (04)

(يولداش خۇجىنتاۋنىڭ مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى)

# كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چىنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىشى كېرەك

مەتىمىن روزى

پارتىيىۋىلىك پارتىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بولۇپ، روشەن سىنىپىيلىقا ئىگە. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، پارتىيىۋىلىك سىنىپىيلىقنىڭ ئالىي ھەم مەركەزلىك ئىپادىسى. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكى پرولېتارىيات سىنىپىيلىقىنىڭ ئالىي ھەم مەركەزلىك ئىپادىسى. بىر پارتىيىنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ باشقا پارتىيىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك بەلگىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى بولۇپ، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ ئاساسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىنىپىيلىقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ماركسىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرىدۇ.

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكى پارتىيىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ھەم باغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ سىنىپىيلىقى، ئىلغارلىقى ۋە ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابىيلىقىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە سۆز - ھەرىكىتىدىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى. كومپارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، بۇ، كومپارتىيىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ماھىيەتلىك مۇئەييەنلىكى. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىنىڭ تەلىپى بويىچە پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چىنىقىشنى كۈچەيتىشى لازىم، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىكىنى كۈچەيتكەندىلا ئاندىن پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

پارتىيىۋىلىك پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى بولسا پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇش مىزانى بولۇپ، ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ پرىنسىپال مەيدانى، ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مىزانى. پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى تۆۋەندىكى ئالتە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئىلغار نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىغان پارتىيىنىڭ ئىلغار پارتىيە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئىلغار نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىغان كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىلغار جەڭچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئىلغار نەزەرىيە ئارقىلىق ئۆز مېڭىسىنى قوراللاندۇرۇشنى رەت قىلغان كىشىدە ھەقىقىي پارتىيىۋىلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس».

يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەن دەۋرىدىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ماركسىزم، لېنىنىزمغا نىسبەتەن ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش يەنى ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىنىڭ بولماسلىقى پارتىيىۋىلىكنىڭ بولمىغانلىقى دەپ، ياكى پارتىيىۋىلىكنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ».

ئىككىنچى، بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈملىرىنى يوقىتىپ، كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئاخىرقى نىشان قىلىش ۋە شۇ يولدا ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىش. بۇ پارتىيىنىڭ غايىسى، ئېتىقادى ۋە مەنىۋى تۈۋرۈك مەسىلىسى. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق ئەھۋالدا بۇ غايە، ئېتىقادتىن تەۋرىنىشكە، بۇ ئېتىقادنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا مۇتلەق بولمايدۇ. پارتىيىمىز بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا 70 نەچچە يىل كۈرەش قىلدى. پارتىيىمىز ھازىر خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى كوممۇنىزملىق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋەتتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تۆھپە قوشۇشى لازىم. يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ھازىرقى تـ-

رىشچانلىقلىرىمىز كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ نىشانىنى كۆزلەيدۇ، بۇ چوڭ نىشانىنى يوقىتىپ قويغۇچىلار كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس، هازىرقى تىرىشچانلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويغۇچىلارمۇ كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس». قەتئىي كوممۇنىزملىق ئېتىقادىنىڭ بولۇشى قەيسەر پارتىيۋىلىكنىڭ گەۋدىلىنىشى هېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا، پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق. پارتىيىمىز هەرقانداق ۋاقىتتا خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، هۇزۇر-هالاۋەت ۋە جاپا-مۇشەققەتتە ئامما بىلەن بىللە بولۇپ، ئامما بىلەن ئەڭ قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ، هەرقانداق پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا، ئۆزىنى ئاممىنىڭ ئۈستىگە قويۇشىغا يول قويمايدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى هەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇپ، خەلق مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىشى، هەر ۋاقىت خەلققە كۆڭۈل بۆلۈشى، هەممە ئىشتا خەلقنى كۆزدە تۇتۇشى، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. بۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش-كۆرسىتەلمەسلىك هەر بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيۋىلىكىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، پارتىيۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى ئۆلچەيدىغان سىناق تېشى.

تۆتىنچى، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىنتىزامىنى ئاڭلىق قوغداش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش. قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزام ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىنىپىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. پولاتتەك ئىنتىزام پارتىيىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ كاپالىتى. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى هەم پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە تەشكىلىي تۈزۈمى هەم پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى. هەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئاڭلىق قوغداپ ۋە ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ هەرىكىتىنىڭ بىردەك بولۇشىغا، پارتىيە قارارلىرىنىڭ تېزلىكتە ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. پارتىيە ئىنتىزامىنى ئاڭلىق قوغداش ـ قوغدىيالماسلىق، ئىجرا قىلىش ـ ئىجرا قىلالماسلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيۋىلىكىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم.

بەشىنچى، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش. ئاممىۋى لۇشيەن پارتىيىمىزنىڭ تۈپ لۇشيەنى، پارتىيىمىزنى باشقا پارتىيىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر روشەن بەلگە. هەممە ئىشتا ئاممىنى كۆزلەش، هەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىش، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش، پارتىيىنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى ئاممىنىڭ ئاڭلىق هەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش، هەممە ئىشتا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاش پارتىيىمىزنىڭ دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭگۈشتەرى. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاممىنىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش-ئەتتۈرەلمەسلىكى، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسي بىلەن باشتىن ـ باخىر ئەڭ كەڭ، ئەڭ قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ـ قالالماسلىقى پارتىيىمىزنىڭ هايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن، كومپارتىيە ئەزالىرى ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرنى پۇختا تىكلەپ، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ بۇ هاياتلىق لۇشيەنىنى ئاڭلىق قوغدىشى لازىم.

ئالتىنچى، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىدنى قەتئىي، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش. تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد پارتىيىنىڭ ئورگانىزمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئۆتكۈر قورالى. بىر پارتىيىنىڭ ئۆز خاتالىقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ سالماق بولۇش ـ بولماسلىقى ئۇنىڭ ئۆز سىنىپى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىش-قىلماسلىقىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم بەلگىسى. تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئىستىلىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى ئۆلچەشنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنى. ئۆزىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى توغرا قانات يايدۇرۇپ، پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئىدىيىۋى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ خاتالىقنى تۈزىتىش پارتىيىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس پەزىلىتى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىمىز باشتىن-ئاخىر تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاتالىق، كەمچىلىكلىرىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىپ ۋە تۈزىتىپ كەلدى.

يۇقىرىدىكى ئالتە تۈرلۈك پارتىيۋىلىك پرىنسىپى پار-

تېيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ. پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇشۇ پرىنسىپلار بويىچە ئۆزىمىزنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشىمىز، مۇشۇ پرىنسىپلار بويىچە پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىشىمىز لازىم.

پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

1. ماركسىزم نەزەرىيىسى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش. ماركسىزم ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە ھەرىكەت قىبلىنامىسى. تىرىشىپ ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى سەۋىيىنى ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ماركسىزمدا چىڭ تۇرغىلى، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرغىلى، ئاندىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

2. سىياسىي ئېتىقادنى كۈچەيتىش جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادنى قەتئىيلەشتۇرۇش. غايە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى. كوممۇنىزم كوممۇنىستلارنىڭ غايىسى ۋە ئېتىقادى ھەم كۈرەش نىشانى. كوممۇنىزمنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئالىيجاناب ئەمما ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش بولۇپ، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىشىگە ۋە قۇربان بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ؛ كوممۇنىزم ئىشلىرى جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ، كوممۇنىزم جەمئىيىتى جەزمەن ئىشقا ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي بەل باغلاپ ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىش كېرەك. مانا بۇ، ئاڭلىق ئاساس ئۈستىگە تىكلەنگەن كوممۇنىزملىق ئېتىقادنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا كوممۇنىستلارنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى.


3. ئەخلاق ۋە ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، كوممۇنىزملىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەش. ئەخلاق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى، شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت قېلىپى ۋە مىزانى بولۇپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ ئەخلاق ۋە ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. كومپارتىيە ئەزالىرى كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، خەلق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىشى، جاپا چېكىشتە ئالدىدا، راھەت كۆرۈشتە كەينىدە تۇرۇشى لازىم.

4. تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش. قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىق پارتىيىمىزنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، شەخس بىلەن تەشكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

5. كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى، كەسپىي بىلىملەر ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتى، رەھبەرلىك سەنئىتى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردىن بولۇش. يېڭى تارىخىي دەۋر، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كىشىلەردىن زامانىۋى پەن، مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى يۇقىرى سىياسىي ساپاغا ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماي، يۇقىرى كەسپىي ساپاغىمۇ ئىگە بولۇشى لازىم. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچىلىرى ۋە تەشكىللىگۈچىلىرى، ئۇلار تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت بىلىمى، كەسپىي ساپاسى ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتى، رەھبەرلىك سەنئىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم.

پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىش بىر ئەجرە بىلەنلا بولدى قىلىدىغان ئىش ئەمەس، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنىڭ چېكى بولمايدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى زۇڭلى جۇئېنلەينى ئۈلگە قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىشى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغىلى بولىدۇ. (06)

# «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار



**3. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى نېمە؟**

ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك فاڭجېن:

1. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش. مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكىللىرى ئۈستىدە پائال ئىزلىنىپ، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى تىزگىنلەش كۈچىنى كۈچەيتىپ، ھەرخىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادنىڭ باراۋەر رىقابەتلىشىشى ۋە تەڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

2. ئىستراتېگىيە جەھەتتە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش. پۈتكۈل دۆلەت ئىقتىسادىنى ياخشىلاشنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ مۇۋاپىق يۆرۈشۈشى ۋە يېڭىباشتىن تەشكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، چوڭ كارخانىلار ۋە كارخانىلار گۇرۇھلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇش.

3. ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى كۈچەپ ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ پۈتۈن گەۋدىلىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان مىكرولۇق ئاساسنى بارلىققا كەلتۈرۈش.

4. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش. مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئايدىڭ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن، باشقۇرۇشى ئىلمىي، تەدبىر تۈزۈشى ساغلام بولغان ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كارخانىلارنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان قانۇنىي گەۋدىگە ۋە بازار سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش.

5. كارخانىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. كارخانىلارنىڭ پەن ـ تەتقىقات تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۆگىنىش، تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈجۈپىلەش ۋە سەجىل تەرەققىيات يولىغا مېڭىش.

6. كارخانا باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش. ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەكچىگە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كۆپ خىل تەقسىمات شەكلىنى يولغا قويۇپ، ئۈ-

نۇملۇق رىغبەتلەندۈرۈش ۋەچەكلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش.

7. كارخانىلاردا ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش رىقابەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش. قوشۇۋېلىشقا ئىلھام بېرىش، قېلىپلاشتۇرۇش، ۋەيران بولۇش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش. ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرگە تايىنىپ، ئىشقا ئورۇنلىنىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش.

8. تۇرلۇك ياندىشما ئىسلاھاتلارنى ماسلاشتۇرۇپ ئىلگىرى سۈرۈش. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھوقۇق- مەسئۇلىيەت ئايدىڭ بولغان دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاۋۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قوغداش، ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ مەبلىغىنى ئاشۇرۇپ قەرزنى ئازايتىشىغا ياردەم بېرىش، يۈكىنى يەڭگىللىتىش.

9. ئىشچىلار سىنىپىغا جان- دىل بىلەن تايىنىش، كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىشچى- خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئاساس قىلىنغان كارخانىلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق- مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش.

10. كارخانىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسى ۋە تېخنىكا، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، ئاكتىپ، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان كارخانا مەدەنىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش.

## 4. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا قايسى مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك؟

جياڭ زېمىن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش مەسىلىسىنى مەخسۇس بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىجادىيەت، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش بولسا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى قوللىنىش بىر تۈرلۈك مۇھىم يول. شۇنىڭ ئۈچۈن، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، ساغلام راۋاجلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا تۆۋەندىكى سەككىز جەھەتتىكى مەسىلىنى چىڭ تۇتۇش لازىم:

1. دۆلەت بىلەن كارخانىنىڭ ھوقۇق- مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش.

ھازىر بەزى كارخانا باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە تىجارەت خىزمىتى يېتىشىپ ماڭالمايۋاتىدۇ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاۋۇتۇش ئىشىغا مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولمايۋاتىدۇ. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا ئالدى بىلەن مۇشۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك. دۆلەت مەبلەغ چىقارغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىگىدارلىق قىلغۇچىلىق ھوقۇق- مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشى يەنى مال- مۈلۈكتىن مەنپەئەت كۆرۈش، چوڭ- چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەش ۋە باشقۇرغۇچىلارنى تاللاش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇشى، پايدا- زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇشى، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرۇشى، مەبلەغ چىقارغۇچى ئالدىدا مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاۋۇتۇش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويماسلىق كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىدا ئۈنۈملۈك بولغان دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە ئىشقا سېلىش مېخانىزمى ئورنىتىلىشى كېرەك. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى چىڭىتىش كېرەك. باشقۇرۇش ھوقۇقىنىلا تەلەپ قىلىپ ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماسلىققا بولمايدۇ.

2. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

ھۆكۈمەت دۆلەت مۈلكىنىڭ ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەت مەبلەغ چىقىرىپ قۇرغان ۋە پاي چېكىگە ئىگە بولغان كارخانىلارغا قارىتا ئىگىدارلىق قىلغۇچىلىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشى، مەبلەغ چىقارغۇچىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم، لېكىن كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە قاتناشماسلىقى لازىم. كارخانىلار با-

زارغا يۈزلىنىشى، بازارغا ئۇيغۇنلىشىشى، بازار رىقابىتى داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى لازىم، ھۆكۈمەتكە يېقىنلىشىۋېلىپ كۈتۈپ تۇرىدىغان، تايىنىۋالىدىغان، قول ئۇزارتىپ تەلەپ قىلىدىغان، ئۆسۈم، باج تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرىدىغان، قەرزدىن قاچىدىغان ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشتە يەنە كارخانىنىڭ ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى ھۆكۈمەتكە ۋە جەمئىيەتكە قايتۇرۇپ بېرىشكە يول قويۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىخچام بولۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت كارخانىنىڭ ئىگىلىكىنى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان، چەكسىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، كارخانا كۆپ تەرەپلەپ ھۆكۈمەتكە تايىنىۋالىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

3. دۆلەتنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلىرىدا ئۈلگىلىك شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ دۆلەتنىڭ كىچىك كارخانىلىرىنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش.

ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار بىلەن ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ تۇرالايدىغان شىركەت قانۇنىي ئىگىسى ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىش زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ يادروسى. دۆلەتنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلىرىدا شىركەت قانۇنىي ئىگىسى ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پايچىكلار يىغىنى، مۇدىرىيەت يىغىنى، نازارەتچىلىك يىغىنى ۋە دىرېكتورلار قاتلىمىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەڭشەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مۇدىرىيەت يىغىنى قېلىپلاشقان ھالدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل مۇدىرنىڭ رولىنى كۈچەيتىشى، شىركەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرى ئۈستىدە كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلىشى، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ يولغا قويۇشى ھەمدە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ تۇرۇشى لازىم. نازارەت قىلىش يىغىنىنىڭ كارخانىنىڭ مالىيە، مۇدىرىيەت، دىرېكتورلۇق ئىشلىرىنىڭ تىجارەت ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان «يېڭى ئۈچ يىغىن» بىلەن «كونا ئۈچ يىغىن» مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم. دۆلەت ئۆز ئالدىغا مەبلەغ چىقىرىپ قۇرغان، پاي ھوقۇقىنى تىزگىنلىگەن شىركەتلەردىكى پارتكوملارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىمۇ «شىركەت قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە مۇدىرىيەت يىغىنى ۋە نازارەتچىلىك يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئالىي تەدبىر بەلگىلەش، نازارەتچىلىك قىلىش ئاپپاراتىنى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ. دۆلەتنىڭ مونوپول قىلىپ باشقۇرۇشى زۆرۈر بولغان ئاز ساندىكى كارخانىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ مەنبەلەشكەن مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتلىرىنى پائال تۈردە يېتىلدۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پاي ھوقۇقىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئىگىدارلىق قىلغۇچىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

چوڭ كارخانىلار ۋە كارخانىلار گۇرۇھىنى ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېلىش، ئىجارىگە بېرىش، ھۆددىگە بېرىش ۋە پاي ھەسسىدارلىق ـ ھەمكارلىق تۈزۈمى، سېتىۋېتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ كىچىك كارخانىلىرىنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش لازىم.

4. كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ساپالىق ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ۋە يېتىلدۈرۈش.

ياخشى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارپارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە قانۇن ـ نىزاملىرىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغان، كۈچلۈك كەسپچانلىققا ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە بولغان، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە نىسبەتەن يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان، ياخشى تىجارەت قىلىدىغان، باشقۇرۇشنى، تېخنىكىنى بىلىدىغان، زۆرۈر بولغان بوغالتىرلىق، پۇل مۇئامىلە بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن بولۇشى، شۇنىڭدەك ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان، پاك ـ دىيانەتلىك،ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان،ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىدىغان بولۇشى لازىم. ئىلمىي بولغان ئادەم تاللاش، ئىشلىتىش ۋە تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزلىنىپ، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش بىلەن كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى تاللاش، باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرى بازىرىنى يېتىلدۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىپ تۇرۇشى ۋە سەرخىل سەپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.بىر بەنزىنى كۆپ تەرەپ باشقۇرىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش لازىم.

5. ئىلمىي باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش.

باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى بەزى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولماسلىق ھەتتا قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب. كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، تەننەرخ باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش، سۈپەت باشقۇرۇش جەھەتلەردە نۇقتىلىق ھالدا كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە

كەلتۈرۈلگەن بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مال ـ مۈلۈك قەرز جەدۋىلى، زىيان ـ پايدا جەدۋىلى ۋەمەبلەغ ئوبوروت مىقدارى جەدۋىلىنى ئەينەن تۈزۈش لازىم. ئالاقىدار نىزاملار ۋە بازار پرىنسىپى بويىچە مەبلەغنى كۆپەيتىپ قەرزنى ئازايتىپ، كارخانىنىڭ مۈلۈك قەرزنى ئەقىلگە مۇۋاپىق سەۋىيىگە چۈشۈرۈش لازىم. كارخانىلاردا ئېنىق بولغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى، تېخنىكا يېڭىلاش ئىستراتېگىيىسى ۋە بازار تىجارىتى ئىستراتېگىيىسى بولۇشى، نوقۇل ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشتىن بازار تىجارىتىگە ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىشكە بۇرۇلۇش لازىم. زامانىۋى باشقۇرۇش تېخنىكىسى ۋە ۋاسىتىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، توغرا، دەل ۋاقتىدا بولىدىغان ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە مالىيە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىش لازىم.

6. كارخانىنىڭ تەقسىمات مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىش.

ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىللىققا تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تەقسىمات تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. ئىش ھەققىنى تەقسىم قىلىشتا پەرقنى مۇۋاپىق زورايتىشقا، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىشنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بولىدۇ. كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ كارخانىنىڭ دارامەت تەقسىماتىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم. باشقۇرغۇچىلارنىڭ دارامىتىنى كارخانىنىڭ نەتىجىسى، ئىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە خەپ ـ خەتەرگە قاراپ مۇۋاپىق بېكىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تىزگىنلەش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاز ساندىكى دۆلەتلەردە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان يىللىق مائاش تۈزۈمى قاتارلىق جانلىق رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزلىنىش لازىم.شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەخسنىڭ كىرىمىنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شەخسىي تاپاۋەت بېجى تۈزۈمى ۋە ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىگە كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دارامەتنىڭ ھەددىدىن زىيادە پەرقلىق بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

7. جان ـ دىل بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانىنى ئوبدان باشقۇرۇش.

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان كارخانىلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىشتىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداش، ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسى ۋە كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم. قىيىنچىلىقى بار خىزمەتچىلەر ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

8. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋەمۇكەممەلەشتۈرۈپ، كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.

بۇ بىزنىڭ بىرچوڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىمىز. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدا، جەزمەن بۇ ئەۋزەللىكتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

يېڭى شارائىتتا كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى ۋە پائالىيەت شەكىللىرى ئۈستىدە ئىلگىرىلەپ ئىزلىنىش لازىم. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ كارخانىلاردا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك، نازارەتچىلىك قىلىشى، كارخانىنىڭ چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلىشىگە قاتنىشىپ، پايچىكلار يىغىنى، مۇدىرىيەت يىغىنى ۋە دىرېكتورلارنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تولۇق تايىنىپ، كارخانىنى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە يېتەكلىشى لازىم.

جۇڭگوچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ھەققىدىكى تونۇشىمىز ۋە تەجرىبىمىز تېخى ناھايىتى يېتەرسىز. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، دادىل سىناق قىلىشقا، دادىل بۆسۈشكە ئىلھام بېرىپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز خۇلاسىلەپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا تەجرىبە يارىتىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.

( داۋامى بار)

**قادىر داۋۇت** (ت)

## سوت ساھەسىدىكى قابىل يېتەكچى



ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خالمۇرات ئابلىمىت سوت ساھەسىدە ئىشلىگەن 24 يىلدىن بۇيان دېلو بېجىرىشتە پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەق تەلەپ دەۋاسى، نىكاھ، مىراس ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قانۇن بويىچە ئادىل، توغرا، تېز بېجىرىپ، ئاخىرلىشىش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزدى.

خالمۇرات ئابلىمىت خىزمەت ئىشلەش داۋامىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولدى. كۆپ قېتىم مەقسەتلىك چاقىرىلغان مېھماندارچىلىق، ۋە زىياپەتلەرگە بارمىدى. تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن 5000 يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى قەتئىي رەت قىلىپ، ھەقىقىي خەلق سوتچىسىغا خاس ئەخلاق ـ پەزىلەتنى نامايان قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇ كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.(07)

**قادىر ئوسمان**

## ئابدۇغېنى مۇھەممەتنىڭ ھىممىتى



مەكىت ناھىيە شېھىندۈك يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ جىگلىسى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش ئابدۇغېنى مۇھەممەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، يۇرتداشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى.

ئۇ، 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۆز يۇرتى مەكىت ناھىيە بازار جەمى يېزا باغۇمدان كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ھويلا تېمىنىڭ كونىراپ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال ئۆزى قۇرۇلۇشچى خادىم ئىزدەپ تېپىپ، ئۆز يېنىدىن 45 مىڭ يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە، بۇ مەكتەپنىڭ 50 مېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى ھويلا تېمىنى پىششىق خىش بىلەن چۆرۈپ، تام ئۈستىگە 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتە تۆمۈر رىشاتكا ئورنىتىپ بەرگەندىن باشقا، يېڭىدىن ئۆلچەملىك تۆمۈر دەرۋازا ياسىتىپ ئورنىتىپ بېرىپ، بۇ يەردىكى كەڭ خەلقنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. (07)

**ئوسمانجان مۇھەممەت**

## ئەۋلادلار ئۈچۈن سوققان يۈرەك



شايار ناھىيە توپبولدى يېزىسىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى ئەخمەت ئىبراھىم خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئورغۇن تەر ئاققۇزدى. ئۇ بۇ يېزىدىكى 2 ئوتتۇرا مەكتەپ، 18 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، يېزىغا دوكلات سۇنۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك سىنىپ، ئىشخانىلىرىنى يېڭىلىدى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئارقىلىق توپلىغان پۇلدىن 400 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 1100 دىن كۆپرەك پارتا ـ ئورۇندۇق ياساتتى. مەكتەپلەرنىڭ ھاجەتخانا، قىرائەتخانا، تەجرىبىخانىلىرىنى يېڭىلىدى. ئۆي ئورنى يوق 48 ئوقۇتقۇچىغا يېزا بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، ئۆيلۈك ھەم باغلىق بەر ھەل قىلىپ بەردى. ئەخمەت ئىبراھىمنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، بۇ يېزىدا ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100% كە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى 99.3% كە، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. (07)

**ئەھەت مۇھەممەت**

## ئۈزۈمچىلىكنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن دېھقان



يېڭىسار ناھىيە ئۈچار يېزا توۋەنكى ياۋاغ 22 ــ كەنت 5 ــ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق كومپارتىيە ئەزاسى ئابابەكرى ئۆمەر 1994 ــ يىلى ئۆي ئەتراپىدىكى 1.2 مو بېغى ئەتراپىغا ئەلا سورتلۇق ئۈزۈم تېلى تىكىپ، ئۇنىڭدىن 3750 يۈەن ساپ كىرىم قىلغانىدى. ئۇ ئۈزۈمچىلىكتىن 1999 ــ يىلمۇ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن، كۆزدە تاللىرىنى كۆمۈش، يېتەرلىك كۆڭ يانتاق ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىش، ئەتىيازدا تاللارنى ۋاقتىدا ئېچىش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارغا ئىنتايىن ئەستايىدىل تۇتۇش قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۈزۈم تاللىرى ئوبدان مېۋە بەردى. ئابابەكرى ئۆمەر 1999 ــ يىلى 8 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 ــ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 7180 كىلوگرام ئۈزۈم سېتىپ، 14 مىڭ 360 يۈەن ساپ كىرىم قىلىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ ئالدىنقى 5 يىلدىكى ھەر يىلىكى 280 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. (07)

**قادىر نىياز**

## روزى مەھەممەت تۇردى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن جازالاندى



چىرا ناھىيە تۆرى يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى روزى مەھەممەت تۇردى 1994 ــ يىلى 1 ــ ئايدىن 1999 ــ يىلى 2 ــ ئايغىچە يالغان تالون ياساش، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ھالدا ئۆزى بىۋاسىتە نەق پۇل تاپشۇرۇپ ئېلىپ كىرىمگە مەلۇم قىلماسلىق قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئومۇمەن 6866.75 يۈەن پۇلغا خىيانەت قىلغان. 1997 ــ يىلى 5 ــ ئايدىن 1999 ــ يىلى 7 ــ ئايغىچە ئومۇمەن 4240.19 يۈەن پۇلنى يۈتكەپ ئىشلەتكەن.

مەكتەپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ياغاچ ماتېرىياللارنى قالايمىقان كېسىش، مەكتەپ تىجارەت ئۆيىنى ھەقسىز ئىشلىتىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئومۇمەن 4331.21 يۈەن قىممىتىدىكى مال ــ مۈلكىنى ئىگىلىۋالغان. ئۈچ تۈر بويىچە ئومۇمىي ئىقتىسادىي مەسىلىسى 15438.15 يۈەنگە يەتكەن.

يېقىندا چىرا ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى قارار قىلدى.

چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى روزى مەھەممەت تۇردىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. (07)

**ئەخمەتجان ئەكرەم مەتئەيدى ئىمىن**

## لىۋ پارتىيىدىن چىقىرىلدى



ئىلى ۋىلايەتلىك تەمىنات ــ سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ جىۋېي 1997 ــ يىلى ئۆز بەررەنتىنىڭ توينى قىلغاندا 3 قېتىمدا 34 جوزىلىق مېھمان چاقىرىپ، ئۆز ئىدارىسى ھەمدە قارىمىقىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ 22 مىڭ 950 يۈەن سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغان، 1996 ــ يىلى 8 ــ ئايدىن 1998 ــ يىل 3 ــ ئايغىچە 4160 يۈەن ھۆكۈمەت پۇلىغا بەپ ــ ئېچىپ ئويۇن تاماشا قىلغان، 1995 ــ يىلى ۋىلايەتلىك تەمىنات ــ سودا كوپېراتىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسىنى سېلىش جەريانىدا قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان ئورۇندىن 20 مىڭ يۈەن پارا ئالغان. كېيىن مەبلەغ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن قۇرۇلۇشنى باشلىيالمىغاچقا، قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان ئورۇن مەسئۇلىنىڭ كۆپ قېتىم سۈيلىشى بىلەن ليۇجىۋېي پۇلنى 2 قېتىمغا بۆلۈپ قايتۇرۇپ بەرگەن. ئۇ يەنە دېموكراتىيە ــ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۇرۇق ــ تۇغقىنىدىن 3 كىشىنى قارىمىقىدىكى مۇھىم ئورۇنغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان.

ۋىلايەت، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئىلى ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەپتىش ئىدارىسى ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى قىلمىشىغا ئاساسەن ئۇنى پارتىيىدىن چىقاردى، مەمۇرىي جەھەتتە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. (07)

**(شىنجاڭ «پارتىيە ئىستىلى»دىن)**

# بارلىقىنى كۆكەرتىش خىزمىتىگە بېغىشلىغان كىشى

## ـــمەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى ناسىر نىياز توغرىسىدا

توختى ئەرشىدىن



«كومپارتىيەئەزاسى» دېگەن بۇ سۆز تىلغا ئېلىنسا، بىز دائىم ھەر ۋاقىت ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە تۇرىدىغان،ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشىدىغان كىشىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى ناسىر نىياز دەل بىز تەسەۋۋۇر قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ 1963 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئۆرۈمچىدىكى ئەۋزەل خىزمەت ئورنىدىن ۋازكېچىپ، ئانا يۇرتنى گۈللەندۈرۈشتەك ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن ئاقسۇ دىيارىغا كەلگەنىدى. دەرۋەقە شۇندىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ئالتۇندەك ياشلىق باھارىنى، ھاياتىنىڭ ئەڭ قىران چاغلىرىنى تارىم ۋادىسىنى كۆكەرتىشكە، ئاقسۇ دىيارىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ تالاي ماڭلاي تەرلىرى، تۆھپىسى، نامى خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ جۇشقۇن ئېقىنلىرىدەك مەۋج ئۇرۇپ، خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدى.

### بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم

1964 ـ يىلى ئەتىيازدا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا كۆچەتخانا قۇرۇش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ مەزگىلدە مەركىزىي ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ناسىر نىيازدىن باشقا پەقەت ئۈچلا تېخنىكى بار ئىدى. بۇ ئۈچ تېخنىكنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ناھىيىلەرگە ئەۋەتىشكە، ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ كەتكىلى بولمايتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ رەھبەرلىكنىڭ بېشى ئازاقاتتى. بىر كۈنى رەھبەرلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ناسىرنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كۆچەتخانا قۇرۇش ئىشى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا، سىناق قىلىپ ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ناسىر نىيازغا رەھبەرلىكنىڭ بۇ سۆزى ياغدەك ياقتى. شۇڭلاشقا ئۇ يۈرەكلىك ھالدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ھەم ئۇلگە كۆرسىتىش كۆچەتخانىسى قۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەھبەرلىكنى خاتىرجەم قىلدى ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر تېخنىك خادىم بىلەن كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئۈچئۆستەڭ يېزىسىغا بېرىپ ئۈلگىلىك كۆچەتخانا قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە پەقەت جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ئۇرۇق ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىناتتى. مەخسۇس كۆچەتخانا قۇرۇش، جىنسلىق ۋە جىنسسىز كۆچەت ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بۇ جايغا نىسبەتەن يېڭى ئىش ئىدى. ناسىر ھېچقانداق ئۈلگە ماتېرىياللىرى ۋە ئىلغار تەجرىبىلەر بولمىغان ئەھۋالدا مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىمى ۋە پراكتىكا نەتىجىسىگەئاساسەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى يېزا دەرىجىلىك كۆچەتخانىنى ئۆزى لايىھىلەپ، ئۆزى بېكىتىپ، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇيەنە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بەلۋاغسىمان ئورمان بىنا قىلىپ، ئېتىز ئەتراپى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىنى دەرەخزارلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ پىلان، لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم ھەركۈنى سەھەر تۇرۇپ بۇ ئىش ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سىناق نەتىجىسىنى كۆزەتتى، ئۇنى لايىھىسىدىكى ئۇسۇل بىلەن سېلىشتۇردى. بەزىدە ئۇيقۇ ۋە تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى...

ئەمدىلا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن بىر ياشنىڭ بۇنداق شىجائەت بىلەن ئىشلەش روھى شۇ يەردىكى ئاما ۋە باشقا تېخنىك خادىملارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ بۇ جايدا ئېلىپ بارغان جىنسسىز كۆپەيتىش ئۇسۇلى ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش سىناق تەجرىبىسى ئۇزۇن ئۆتمەي نەتىجىگە ئېرىشىپ، كۆپلەپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى تۇرغۇزۇلدى، شۇنداقلا بىر ئاساسىي ئورمان بەلۋېغى ياسىلىپ، بىر

كۆچەتخانا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى خىل تەتقىقاتى ۋە ئۈلگىلىك كۆچەتخانىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورمانچىلىق ئورۇنلىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ، كېيىنكى يىلدىن باشلاپ ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە ۋە باشقا قېرىنداش رايونلاردا كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىش قەدىمى زور قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ۋىلايەت بويىچە ئورمان بىنا قىلىش كۆلىمى يىللاردىن بۇيانقى 10 مىڭ مولۇق سۈرئەتتىن بىراقلا 25 مىڭ موغا كۆتۈرۈلدى.

## يۈرەك قېنىنى كۆكەرتىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىش

ناسىر نىيازنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەش روھى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياراتقان نەتىجىلىرى تەشكىلنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. تەشكىل ئۇنى نەدە قىيىن خىزمەت بولسا شۇ يەرگە ئەۋەتتى. ناسىر نىيازنىڭ ئۆزىمۇ ئىزچىل تۈردە شۇنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. 1978 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ شىمالىي رايون ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى («يېشىل سەددىچىن سېپىلى قۇرۇش») چاقىرىقى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە جىددىي سەپەرۋەرلىك دولقۇنى قوزغىۋەتتى. بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننى ئورۇنداش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

تەشكىل ناسىر نىيازنى تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەش، لايىھىلەش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلىشقا بەلگىلىدى. 1978 - يىلى 10 - ئايدا ئۇ 14 پەن - تېخنىكا خادىمىنى باشلاپ 16 تۆگە بىلەن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شاقۇر دېگەن يېرىدىن تارىم دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 180 كۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپا - مۇشەققەتلىك ئىشلەپ كۇچا، بۈگۈر چېگرىسىغىچە بولغان 498 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دائىرىنى بىر كىلومېتىر كەڭلىكتە ئۆلچەپ چىقتى. بۇ جەرياندا ھەر كۈنى 16 سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەپ، ھەر 500 مېتىرغا 2 تالدىن قوزۇق قېقىپ بەلگە چىقاردى ھەم بۇ لىنىيىنىڭ نەق مەيداندىكى فوتوگرافىيە خەرىتىسىنى ئىشلەپ چىقتى. شۇ قېتىملىق چوڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ بىرلەشمە تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئەترىتى ناسىر نىيازنىڭ قوماندانلىقىدا نۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات، ئاقسۇ شەھىرى، توقسۇ، شايار، كۇچا قاتارلىق ناھىيىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان «يېشىل سەددىچىن سېپىلى» بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىنى غەلىبىلىك بۆسۈپ ئۆتتى. كېيىنكى 10 يىللىق قوغداش، مۇھاپىزەت قىلىش ھەم يېڭىلاش ئارقىلىق 490 نەچچە كىلومېتىر دائىرىدىكى يېشىللىقنىڭ % 60 تى ئەسلىگە كەلدى. بۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ «يېشىل سەددىچىن سېپىلى» بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسىدىكى زور بۆسۈش بولۇپ ھېسابلاندى.

ناسىر نىياز مەيلى قەيەردە ئىشلىمىسۇن تىرىشىپ ئۆگەندى. ئورمان بىنا قىلىش، كۆكەرتىش ئارزۇسىدىن بىر كۈنمۇ ۋاز كەچمىدى. يېڭى تەجرىبە ئىشلەپ، يېڭى ئۈلگە كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئۇ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدا نۇقتىدا تۇرۇپ كەڭلىكى 1 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىرلىق جايدا 3000 مو مانېرىيال ئورمىنى ۋە ئىقتىسادىي ئورمان بىنا قىلىپ، ۋىلايەتكە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تەجرىبە كېيىن ۋىلايەتنىڭ باشقا جايلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى.

1981 - يىلى مەملىكەت بويىچە مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ناسىر نىياز يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولغاندىن باشلاپ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى 9 ناھىيىنىڭ خالىسانە ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقى ھەم ھەيدەكچىلىكى بىلەن 9 ناھىيە، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك كۆكەرتىش كومىتېتى، خالىسانە ئورمان بىنا قىلىش بازىلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1985 - يىلى لايىھەلىنىپ، 1986 - يىلدىن باشلاپ ئىش باشلانغان كۆكيار خالىسانە ئورمان بەرپا قىلىش بازىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە پۈتكۈل جەمئىيەت ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، ئومۇمىي خەلق كۆكەرتىش پائالىيىتىگە قاتنىشىش»تىكى ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

1985 - يىلى ناسىر نىياز ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا ۋاكالىتەن ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن 10 يىللىق تۈزلەڭلىكتىكى ناھىيىلەرنى كۆكەرتىش، ئورمان بىنا قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. بۇ مەسئۇلىيەتنامىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن 9 جايدا ناھىيە دەرىجىلىك كۆكەرتىش نۇقتىسى، 106 جايدا ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورمان بىنا قىلىش بازىسى قۇرۇلدى. بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 259 مىڭ 500 موغا يەتتى. ناسىرنىياز يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۆلەت تاشيولى ۋە ئۆلكە تاشيولىنى كۆكەرتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1983 - يىلدىن باشلاپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولغان كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزىسىدىن ئۈچئۆستەڭ يېزىسىغىچە بولغان 50 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جايغا 30 مېتىر كەڭلىكتە كەڭ قۇرلۇق ئورمان بىنا قىلىش ئىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزى كەسپىي جەھەتتىن بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇدا 2 يىل ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە بۇ يەردە نۇقتىدا تۇرۇپ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 2 يىل ئىچىدە بۇ جايدا بىنا قىلىنغان 2 تانابلىق ئورماننىڭ تۈرتكىسى بىلەن ۋىلايەت دائىرىسىدە غول تاشيول لىنىيىلىرىنى كۆكەرتىش دولقۇنى قوزغالدى.

ئۇ نەگىلا بارمىسۇن دېھقانلارنى كۆچەت تىكىشكە ئىلھاملاندۇردى. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەردە نۇقتىدا تۇرغاندا ئۆزىگىمۇ، كەسىپداشلىرىغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، شۇ جايدىكى ئاممىا بىلەن بىرگە ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى تالاي «ئۆزگەرمەس» چۆللۈكتە

يېشىل سېپىل بىنا قىلدى. 1991 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 8 ناھىيە، بىر شەھەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئەسلىدىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئۆلچىمىگە يەتتى. 1997 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يەنە 4 ناھىيە، بىر شەھەر تۈزلەڭلىكتىكى ناھىيىلەرنىڭ ئورمان بىنا قىلىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.


## باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش

نىسىر نىياز ئۆزىگە تەقسىملەنگەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، ئورمانچىلىق پەن تەتقىقاتى، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەنمۇ پائال شۇغۇللاندى. 1964 ـ يىلى باش ئەتىيازدا ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدىن 48 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئايكۆل يېزىسىنىڭ سايئېرىق دېگەن يېرىگە بېرىپ، بۇ يەردىن تۇنجى قېتىم ياڭاقنىڭ ئەلا سورتى ـ قەغەز شاكاللىق ياڭاقنى تاللاپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغا يوللاش ئارقىلىق بۇ ياڭاقنى مەملىكەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك قەغەز پوستىلىق ياڭاق، دەپ بېكىتىپ چىقتى. ئاندىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىگە بېرىپ، ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ تاللاپ يېتىشتۈرگەن 8 خىل ياڭاق سورتىنىڭ شاكىلى نېپىز، دانىسى چوڭ، مېغىزى تەملىك بولۇپ، مېغىز تۇتۇش نىسبىتى 80% كە يەتكەنلىكتىن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق «ئەلا سورتلۇق ياڭاق» بولۇپ باھالاندى.

ۋاقىت تىرىشچان ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك. ئەجىر ئۇنتۇلماس. ئۇنىڭ بىر قانچە يىللىق ياڭاقچىلىق جەھەتتىكى ئىزدىنىشى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. مەملىكەتلىك ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئاقسۇنىڭ ياڭاقچىلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىرلەشمە قارار ماقۇللاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ ياڭاقچىلىق بازىسىنى ئاقسۇدا قۇرۇشنى قارار قىلدى. نىسىر نىياز نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىگەن بۇ ياڭاقچىلىق بازىسىدىن ھازىر يىلىغا 3300 توننا ياڭاق ئېلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

نىسىرنىياز 30 نەچچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا توپلىغان نەزەرىيە بىلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە ھاسىل قىلغان تەجرىبىسىنى خۇلاسىلەپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ سىناق قىلىپ، ئۇنى خەلق ئارىسىغا كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ ياڭىقى»، «شىنجاڭدا بادام ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، «ئالىي دەرىجىلىك دورا ئۆسۈملۈكى پىستە ۋە ئۇنى تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، «شىنجاڭدا ئالاھىدە ئىقتىسادىي ئورمانلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكا قائىدىسى»، «شىنجاڭ چىلىنى»، «غەربىي شىمال رايونىدا ئورمان بىنا قىلىدىغان ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇ يەنە «جۇڭگو ياڭاق تەزكىرىسى»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئورمانچىلىق لۇغىتى»، «ئورمان كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش» قاتارلىق ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ زور ھەجىملىك كىتابلارنى تۈزۈش، تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدىن خۇلاسىلەنگەن، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت 330 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە مەملىكەتلىك ياڭاق تەتقىقاتى ھەم ياڭاق تەزكىرىسىنى يېزىش يىغىنىغا 3 قېتىم قاتنىشىپ، شىنجاڭغا ۋاكالىتەن تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 2 قېتىملىق ياڭاق ھەم بادام يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسلىرىنى كۈتۈۋالدى ھەم ئۇلارغا تەجرىبە ئالماشتۇردى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايون، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان 10 نەچچە قېتىملىق ياڭاق ئۇلاش كۇرسىدا دەرس ئۆتتى، تەجرىبە تونۇشتۇردى ھەم ئەمەلىي پراكتىكا ئىشلەپ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلىدى. كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ شەھىرى، كونىشەھەر قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن قېتىم ئاساسىي قاتلام باغۋەنچىلىك تايانچ خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ باغۋەنچىلىككە تايىنىپ بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ توپلىغان 280 خىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ئەۋرىشكىسى ھەم بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك، ۋىلايەت بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان «ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئورمانلىقلاردىكى كېسەللىك ـ ھاشاراتلار» ناملىق پەن تەتقىقات تېمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «شىمالىي رايونلاردىكى ياڭاقنىڭ 16 خىل ئەلا سورتى» تەتقىقات تۈرىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك «ئىختىساسلىق خادىم»، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئورمان بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى»، مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق «كۆكەرتىش نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالانغاندىن سىرت، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، كۆكەرتىش كومىتېتى، كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «كۆكەرتىش سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. (04)



# كادىرلار خىزمىتىدە ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك

ئىسمائىل نىياز

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر شەرھلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئامما پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي، ئەمەلىي نەتىجىسى گەۋدىلىك، پاك ـ دىيانەتلىك دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلغان كادىرلارنى ۋاقتىدا تاللاپ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىش كېرەك، پارتىيىنىڭ لۇشيەنىدىن چەتنىگەن كىشىلەرنى، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتكەن، ساختىپەزلىك قىلىدىغان، مەنسەپ كويىدا قاترايدىغان، ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ.» بۇ كۆرسەتمە كادىرلار قوشۇنىنى «تۈزلەشتۈرۈش» فاڭجېنىنى ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىنى توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلغان كادىرلارنى ۋاقتىدا تاللاپ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىش، پارتىيىمىزنىڭ كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتىكى مۇھىم پرىنسىپى، شۇنداقلا كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەرەپ. شۇڭا ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك.

1. بىردەك ئېتىراپ قىلىشقا بولغان ئاڭنى كۈچەيتىش. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر پارتىيىنىڭ كادىرلار خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلىشنى كادىرلار خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، دېموكراتىك كۆرسىتىش، دېموكراتىك باھالاش، دېموكراتىك سىناش، خەلقنىڭ رايىنى سىناش، نازارەت قىلىش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردا ئاممىنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى قاتناشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش دائىرىسى ۋە يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك. ئاممىغا «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئۆستۈرۈش ـ ئىشقا قويۇش خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى كەڭ ـ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، بىردەك ئېتىراپ قىلىشقا قاتنىشىشنىڭ ھەم ھوقۇق ـ مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى ھەم مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش ئىدىيىسىنى يېڭىشقا؛ تاللاپ ئىشقا قويىدىغان كادىرلارنىڭ ساپاسى، خىزمەت ئىقتىدارى ئاممىنىڭ بىۋاستە مەنپەئەتى بىلەن زىچ

مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدىغان ئىدىيىلەرنى يېڭىشىغا؛ ئاممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپىنىڭ كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئاكتىپ رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھېچقانداق پايدىسى يوق، مەنىسى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان ئىدىيىلەرنى يېڭىشىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشقا بولغان ئېڭىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، بىردەك ئېتىراپ قىلىشقا بولغان توغرا قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

2. بىردەك ئېتىراپ قىلىشقا بولغان ئۇسۇلنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا كۆرسىتىش، دېموكراتىك ئاساستا باھالاش، دېموكراتىك ئاساستا تەكشۈرۈش، خەلقنىڭ رايىنى سىناش قاتارلىق بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان شەكىللەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، كونكرېتنى ئىشلەش جەريانىدىكى ئاجىز ھالقىلارنى تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىرىنچى، تەشكىل كۆرسىتىش بىلەن ئاممىنى كۆرسىتىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش جەريانىدا ھەم ئاممىنىڭ پىكرى بولۇشى ھەم رەھبەرلىكنىڭ پىكرى بولۇشى، ئاممىنىڭ ئارزۇسى بىلەن رەھبەرلىكنىڭ ئويىنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش لازىم. بۇنىڭدا، رەھبىرىي كادىرلارنى سايلام ئارقىلىق ۋەزىپىگە تەيىنلەش ياكى بۇيرۇق بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەش، تەكلىپ بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە بولسۇن، ھەممىسىدە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، دېموكراتىك ئاساستا كۆرسىتىش، خەلق رايىنى سىناش ياكى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باھالاش ئارقىلىق ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. كادىرلارنى دېموكراتىك كۆرسىتىش، باھالاش، تەكشۈرۈش قاتارلىقلارغا قاتنىشىدىغان خادىملار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئەزالارنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كۆپرەك. ئاممىۋى ۋەكىللىرىنىڭ سانى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىشى، ئاممىنىڭ قاتنىشىش نىسبىتىنى ھەقىقىي تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈپ «رەھبەرلىكنىڭ پىكرىنى يېتەكچى كۈچ قىلىدىغان، ئاممىنىڭ پىكرىدىن پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ» دېيىدىغان مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم. چۈنكى، كادىرلارنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئاممىا ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن كىشىلەرنى ياخشى تاللىغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش بىلەن ئادەتتىكى ئەھۋالدا تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئوبيېكتىلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشى كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تەكشۈرگۈچى خادىملار ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەرقايسى ئورۇنلارغا، ئاممىا ئارىسىغا بېرىپ، ئومۇمميۈزلۈك ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ پىكىر ئېلىشنى ئورۇنداش قىيىنغا توختايدۇ. مانا بۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئاممىا ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىا بىلەن كۆپرەك سىردىشىپ، ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ تەشكىلات كادىرلار تارماقلىرىنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا قەرەللىك ياكى قەرەلسىز تۆۋەنگە چۈشۈپ كادىرلار ۋە ئاممىدىن كەڭ پىكىر ئېلىش ياكى دېموكراتىك تەكشۈرۈش ـ باھالاش شەكىللىرى ئارقىلىق كادىرلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، خىزمەت ئىقتىدارى، نە-

تىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىگىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆتىنچى، ئايرىم سۆھبەتلىشىش بىلەن نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. نەق مەيدانغا بېرىپ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندا، ئەھۋاللارنى ناھايىتى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئولتۇرۇپ ئاڭلىغانغا قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ، ئەمما بىردەك ئېتىراپ قىلىشنىڭ ھەقىقىيلىقىمۇ زور دەرىجىدە ئاشىدۇ.

3. بىردەك ئېتىراپ قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. بىرىنچى، ئاشكارا بولۇش مېخانىزمى. كادىرلار خىزمىتىنى «سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش» ئەھۋاللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش جەھەتتىكى سىياسەت ۋە شەرتلەردە ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇش يولىنى تۇتۇپ، ئاممىنىڭ دېموكراتىك ئۇسۇلدا قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كادىرلارنى كۆرسىتىشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈپ، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ خىزمەت خاراكتېرى، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ۋە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى نىشانى قاتارلىقلارنى ئاممىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئاشكارا، ئېنىق، توغرا باھا بېرىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش لازىم. ئىككىنچى، ئېتىراپ قىلىش مېخانىزمى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىش جەھەتتىكى ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ كۆپ قىسمى كۆرسەتمىگەن كادىرلارنى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزمەسلىك، ئاممىنىڭ كۆپ قىسمى ياقتۇرمايدىغان كادىرلارنى ئۆستۈرۈپ ئىشلەتمەسلىك كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن «تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرايلى» دېگەن سۆزىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۆستۈرىدىغان كادىرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئەستايىدىل كۆزىتىش، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ پىكىر ئېلىش كېرەك، ئاممىنىڭ كۆپ قىسمى ياقتۇرمايدىغان كادىرلارنى ئۆستۈرۈپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.» شۇنىڭ ئۈچۈن كادىرلارنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، بولۇپمۇ پارتىيە كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپى بىلەن كادىرلار خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، نازارەتچىلىك مېخانىزمى. كۈچلۈك نازارەت قىلىش ـ كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئۇ، تەكشۈرگۈچى خادىملار بىلەن رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىنى، فاڭجېن ۋە پرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ۋە قەتئىيلىكىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتىكى تۈرلۈك ئىنتىزاملارنى چىڭىتىپ، ئاممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتمىگەن كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىمەسلىك لازىم.

بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ پرىنسىپىغا ئەمەل قىلمىغان، كادىرلار ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە ناتوغرا ئىستىللار بىلەن شۇغۇللانغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك بىلەن جەمئىيەتنىڭ نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى كۈچەيتكەندىلا ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا ئاممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. (06)

ئەركىن ئىمىن فوتوسى

# تەرمىلەر گېزىتى

## «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

## توڭلاتقۇغا سېلىنغان نەرسىلەر قانچە ئاز بولسا ئۇنىڭغا سەرپ بولىدىغان توك شۇنچە كۆپ بولىدۇ


توڭلاتقۇ ئىچىگە سېلىنغان يېمەكلىك ئاز بولغاندا ئىسسىقلىق سىغىمىنىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا كومپرېسسور ئىشلىگەندىن كېيىن توڭلاتقۇ ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەلگىلەنگەن تېمپېراتۇرا تەلىپىگە ئىنتايىن تېزلا يېتىپ، توڭلاتقۇ ئىشتىن توختىغاندىن كېيىن يەنە تېزلا ئەسلىگە قايتىپ، كومپرېسسور قايتىدىن قوزغىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كومپرېسسور تەكرار قوزغىلىپ ۋە توختىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى كومپرېسسورنىڭ تەكرار قوزغالغاندا ئۇنىڭغا سەرپ بولىدىغان توك زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپلا قالماستىن، قوزغالغان چاغدىكى زور مىقداردىكى توكنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن كومپرېسسوردىكى ئېلېكتروماتورنىڭ ئىشلەش ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭلاشقا، توڭلاتقۇ ئىچىگە مۇۋاپىق دەرىجىدە يېمەكلىك قويۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا توڭلاتقۇ ئىچى تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇش بىلەن بىللە توڭلاتقۇغا سەرپ بولىدىغان توكنىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ.

## قانداق قىلغاندا دۆلەت كارخانىلىرىدا پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ

1. پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇش.

2. پارتىيىنىڭ كارخانىلاردىكى كادىرلار خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرۇش.

3. مەركەز ۋە يەرلىك پارتكوملارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىختىيارلىقى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان ـ تومۇرىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم تايانچ كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش.



«تەشۋىقات قوللانمىسى»دىن

## دۆلىتىمىز قەنت ـ شېكەر بازىرىنى رەتكە سالىدۇ

مەملىكەت بويىچە قەنت ـ شېكەر بازىرىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى قەنت ـ شېكەر بازىرىنىڭ ئوبوروت تەرتىپىنى رەتكە سېلىپ، تىجارەتنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دۆلەت ئىچكى سودا ئىدارىسى جايلاردىكى ئوبوروت تارماقلىرىدىن قەنت ـ شېكەر بازىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاپ رەتكە سېلىشنى، شارائىتى بارلىرى قەنت ـ شېكەرنى توپ سېتىش تىجارىتى ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەنت ـ شېكەر هاراق ـ تاماكا شىركەتلىرىنى قەنت ـ شېكەرنى توپ ساتىدىغان كەسپىي ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇن قىلىشنى، خۇسۇسىي كارخانا ۋە يەككە سودىگەرلەرنىڭ قەنت ـ شېكەر توپ تارقىتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەشنى ئېنىق كۆرسەتتى.

«شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى»دىن

## 20 ـ ئەسىردە جۇڭگوغا تەسىر كۆرسەتكەن 10 كىتابنىڭ بىرى ـ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» خەلقئارا كوممۇنىزم هەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ئەسەر. ئۇ 1848 يىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، هەرقايسى ئەل پرولېتارىياتى ۋە ئىنقىلابىي خەلقلىرىنىڭ كۈرەش قىلىشىدىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالىغا ئايلانغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەر جۇڭگوغا تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، جۇڭگودا ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزمچىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇ 20 ـ ئەسىردىكى جۇڭگوغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغان.

«پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن

## ئوغۇتنى چىرىتىپ ئىشلىتىش

ئېغىل - قوتانلاردىن چىقىرىلغان ئوغۇتنىڭ ئارىسىدا ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرى ۋە ئۆسۈملۈككە زىيان سالىدىغان كېسەللىك باكتېرىيىلىرى، ھاشارات تۇخۇملىرى كۆپ بولىدۇ. ئوغۇت چىرىتىلمەيلا ئېتىزلارغا تۆكۈلسە، كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارمۇ يامراپ كېتىدۇ.

ئوغۇتنى چىرىتكەندە كېسەللىك باكتېرىيىلىرى، ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇملىرى ئۆلىدۇ. شۇنداقلا ئوغۇت تەركىبىدىكى ئازوت تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتقا ئۆزگىرىدۇ - دە، مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ ئوغۇتنى پارچىلىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. چىرىتىلمىگەن ئوغۇت تۇپراقتا پارچىلانغاندا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئىسسىقلىق ۋە زىيانلىق گازلار ئۆسۈملۈك يىلتىزىنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئوغۇتنى پارچىلايدىغان مىكرو ئېلېمېنتلار تۇپراقتىكى تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ئۆسۈملۈكنى ئازوتتىن قىستاپ قويىدىغان يامان ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ.

«بورتالا گېزىتى»دىن


## كۈرمانىيىنىڭ سابىق زۇڭلىسى كول «دېڭىزغا چۈشتى»

كېرمانىيە «رەسمىلىك گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، كېرمانىيىنىڭ سابىق زۇڭلىسى كول يېقىندا «دېڭىزغا چۈشۈپ»، چوڭ ئوغلى ۋالتېر بىلەن بىرلىشىپ بىر مەسلىھەت بېرىش شىركىتى ئاچقان.

«سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىش شىركىتى»نىڭ ئورنى كولنىڭ رووس پورتىدىكى ئۆيىدە بولۇپ، سودا ساھەسىگە يېڭىدىن قەدەم قويغان بۇ ئاتا - بالا ئاساسلىقى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە شەخسلەرگە ئىستراتېگىيىلىك ئىشلاردا مەسلىھەت بېرىدىكەن.

## قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلارنى ئاخشىمى ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا ئىچمەسلىك لازىم


يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل كېسەللىك بولغاچقا، كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار داۋاملىق قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدىغان دورىلارنى ئىچىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كۆتۈلمىگەن ھەر خىل ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنداق دورىلارنى چوقۇم ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچمەسلىك لازىم. ئەگەر بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندا ئاسانلا مېڭىدە قان نوكچىسى ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى ئادەم كېچىسى ئۇخلىغاندىن كېيىن پۈتۈن بەدەندىكى قاننىڭ بېسىمى كۈندۈزدىكى ۋاقىتقا قارىغاندا، تەخمىنەن % 20 ئەتراپىدا تۆۋەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلارنى ئىچىپ ئۇخلىغاندا ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن بۇ دورىلارنىڭ بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىش كۈچى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ ئادەمنىڭ يۈرەك، مېڭە ۋە بۆرەكتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئەزالىرىغا قان يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى تۇپەيلىدىن مېڭە قان نوكچىسىنىڭ پەيدا بولۇشى تېزلىتىلىپ ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن تىلى كالۋالىشىش، كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلاش، يېرىم پالەچ بولۇپ قېلىش ھەتتا ئەھۋال ئېغىر بولغاندا ئۆلۈپ كېتىشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. شۇڭلاشقا قان بېسىمى يۇقىرى كىشىلەر جۈملىدىن مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرى قېتىشقان ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلار قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلارنى ئاخشىمى ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا ئىچىپ ئۇخلىماسلىقى كېرەك. (06)




ساۋۇت ھېكىم

## دۇفۇ قورۇمىسىغا سۇكپىياز قوشماسلىق كېرەك

دۇفۇ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىك. بەزى كىشىلەر تەملىك قىلىش ئۈچۈن دۇفۇ قورۇمىسىغا دائىم سۇكپىياز قوشۇپ قورۇيدۇ، بۇنداق قىلىش - توغرا ئەمەس، چۈنكى دۇفۇنىڭ تەركىبىدىكى كالتسىي بىلەن سۇكپىيازنىڭ تەركىبىدىكى ئوكسالات بىرلىشىپ ئادەم بەدىنى ئاسان قوبۇل قىلالمايدىغان ئوكسالات كالتسىينى ھاسىل قىلىدۇ. يەنە دۇفۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.





# ئىقتىسادىي ۋاستىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، چىرىكلىككە ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇش لازىم

تەلئەت ئىبراھىم

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي كۈرەش، بۇ كۈرەش پۈتكۈل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممە ھالقىلىرىدا باشتىن - ئاخىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېمەك چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم ۋەزىپىسى، بۇ ۋەزىپىنى يىلدا بىر قانچە قېتىم تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، بىر قانچە چىرىك ئۇنسۇرنى تەكشۈرۈپ جازالاش بىلەن تاماملىغىلى بولمايدۇ. يۈزەكى تۈزەش بىلەن ماھىيەتتىن تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىك ھادىسىسىنى توسۇش، چىرىك ئۇنسۇرلارنى جازالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىرىكلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەب ۋە شارائىتنى پەيدىنپەي تۈگىتىش لازىم.

چىرىكلىك گويا زەھەرلىك چۆپكە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ زەھەرلىك ئېلېمېنتلىرى سىياسىي ھاۋادا ئۈچۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئىقتىسادتىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ھەر قانداق چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تەھلىل قىلىپ، مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىقتىساد بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بايقىۋالالايمىز.

ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش، ھوقۇق، پۇل سودىسى قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان. چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلار دائىم ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى يوچۇق ۋە ئاجىز ھالقىلاردىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىدۇ، شۇڭا پۇل مۇئامىلە، ئۆي - زېمىن، ئاكسىيە، تاشقى پېرېۋوت، تاشقى سودا، سودا-سانائەت، باج قاتارلىق ئىقتىسادىي تۈرمۇشتىكى قىزىق نۇقتىلىق تارماقلار چىرىكلىكنى جانلاندۇرىدىغان مۇھىم سورۇنغا ئايلىنىپ قالغان. ھازىر نەدە پۇل ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت بولسا، شۇ يەردە چىرىكلىك پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. چىرىكلىك سىياسىي جەھەتتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزۈپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنى زور ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرى بىلەن تەتقىق قىلىش، تۈزەشتە ئىقتىسادىي ۋاستە قوللىنىش لازىم.

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنى كۆپرەك قوللانغان جايلاردىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسىمۇ گەۋدىلىك بولغان، ئەكسىچە بولغانلىرىنىڭ «پاقالچىقى قىچىشسا، قونجىنى تاتلايتۇ» دېگەندەك ئەمەلىي مەسىلىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى تۇتۇلمىغان. مەسىلەن، بىر قىسىم ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئالدىغا «كىچىك خەزىنە» ئېچىۋېلىش، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ مەسىلىسى قاتارلىقلار دەل چىرىكلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبە خاراكتېرلىك مەسىلىلەردۇر. ئۇ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشتەك قانۇنىيەتكە ئىگە. بۇنداق مەسىلىلەرنى مەمۇرىي بۇيرۇق، تەنقىد - تەربىيە ھەتتا پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ، تۈپ يىلتىزىدىن ھەل بولمايدۇ. پەقەت

ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئىقتىسادىي پىكىر يولى، ئىقتىسادىي چارە ۋە ئىقتىسادىي ۋاستىنى قوللانغاندىلا كېسەلگە قاراپ دورا بەرگىلى، كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالىغىلى بولىدۇ.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا بۇ ئۆتكۈر كۈرەشنى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم. بىرىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىلا بار بولغان ئاساسىي پرىنسىپلارنى يەنى ئادىل بولۇش، ئاشكارا بولۇش، رىقابەتلىشىش، ئېچىۋېتىش قاتارلىق پرىنسىپلارنى قوللىنىپ، تۈزۈلمە، مېخانىزم ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى بەزى ئاجىز ھالقىلارنى تۈگىتىپ، بازار ئىگىلىكى تېخى تولۇق يېتىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان يوچۇقلارنى ئېتىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن ئىبارەت بۇ پىشاڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى تەڭشەش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ خىزمەتنى ئىشلىگەن ۋە دەسلەپتە ئۇنىڭ بىر مەھەل ئۈنۈمى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق كېيىن نەتىجىنى مۇستەھكەملەش ناھايىتى قىيىنغا توختىدى. پاكلىق جەھەتتىكى يېتەكلەش بىلەن مەنپەئەت مېخانىزمى جەھەتتىكى يېتەكلەش بىردەك بولمىسا ياكى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولۇپ قالسا، دائىم گەپ كۆپ، ئىش ئاز، خىزمەت كۆپ، ئۈنۈمى ئاز، ھەتتا قىلغان خىزمەتلىرى نۆلگە تەڭ بولۇشتەك ئەھۋاللار پەيدا بولىدۇ. شۇڭا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم تەدبىرلەرنى مۇناسىپ مەنپەئەت مېخانىزمى ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، يەنى مەنپەئەت پىشاڭى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەشكە ۋە يېتەكلەشكە ماھىر بولۇش لازىم.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئەنئەنىۋى ۋاستىلىرى ۋە پىكىر يوللىرىمىزنى ئۆزگىرىۋاتقان ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر ئەنئەنىۋى ئادەتكە بېرىلىپ، كونا قائىدە - يوسۇنلار بىلەن چەكلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا، تەرەققىي قىلىشقا جۈرئەتلىك بولمايدىكەنمىز، ئۇنداقتا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشلىرىمىز ئىلگىرى باسمايدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئەلۋەتتە تەربىيىگە، قانۇنغا، تۈزۈمگە ۋە نازارەت قىلىشقا تايانماي بولمايدۇ، بىر قولدا سىياسىينى، بىر قولدا ئىقتىسادنى تۇتماساق بولمايدۇ، قايسى قول يۇمشاق بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. لېكىن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا، ئىقتىسادىي ۋاستىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولمىساقمۇ بولمايدۇ، بۇ تەرەپكىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. سىياسىي ۋاستە بىلەن ئىقتىسادىي ۋاستە ئۆز ئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان، ماسلاشتۇرۇلغاندىلا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، ھازىر، نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلار ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھاتتا دادىل ئىزلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئىقتىسادىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق تۈزۈلمە، مېخانىزم، باشقۇرۇش ۋە سىياسەت جەھەتتىن چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى ئۈستىدە پائال ئىزلىنىپ، نۇرغۇن يېڭى تەجرىبىلەرنى توپلىدى. مەسىلەن باج ئىدارىلىرىدە باج ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، مەخسۇس باج باشقۇرغۇچىنىڭ باج تاپشۇرغۇچىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ كارخانىلاردا بوغالتىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ ھۆكۈمەت پۇلىغا مېھمان كۈتۈشتە مەخسۇس تۈر بويىچە ئايرىم چىقىم قىلىشتىن ئىبارەت مالىيە تۈزۈمى ئورنىتىلدى؛ كەنت دەرىجىلىك مالىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ شەكىللىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش بازىرى قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىشنى قېلىپلاشتۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۆزى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزدى؛ ئىنتىزام ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار كىرىم - چىقىمنى ئىككى لىنىيە بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى؛ ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەدبىرلەر، بۇ تۈزۈم ۋە تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چىرىكلىشىشى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

روشەنكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئىقتىسادىي ۋاستىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشنى تەكىتلىگەنلىك ھەرگىزمۇ سىياسىي، قانۇنىي، مەمۇرىي تەربىيە ۋاستىلىرىنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس، بەلكى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، تۈزۈمنى ھەمدە ئىقتىسادىي ۋاستىنى سىياسىي، قانۇنىي، مەمۇرىي تەربىيە قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەر بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنلىك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىيەلەيمىز. (05)

# دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتەيلى

سېرىك باپسان

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دېھقانلارنىڭ سېلىقى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ۋاقتىدا بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە خېلى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. لېكىن دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئېغىر بولۇش مەسىلىسى تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىغانلىقتىن، نۆۋەتتە بۇ مەسىلىگە قارىتا دېھقانلارنىڭ ئىنكاسى يەنىلا كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ، بەزى جايلاردا بۇ مەسىلە خېلىلا ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ، بەزى جايلار ۋە تارماقلار مەركەزنىڭ قايتا ـ قايتا توسۇشىغا پەرۋا قىلماي، چىرايلىق ناملار بىلەن دېھقانلاردىن قالايمىقان ھەق ئېلىۋاتىدۇ، قالايمىقان مەبلەغ توپلاۋاتىدۇ، باھانى قالايمىقان ئۆستۈرۈۋاتىدۇ، قالايمىقان جەرىمانە قويۇۋاتىدۇ ۋە سېلىق سېلىۋاتىدۇ. بەزى جايلار دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ساختا مەلۇم قىلىۋاتىدۇ، كەنت قالدۇرۇقى ۋە يېزا جۇغلانمىسىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ يىغىۋاتىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئىستىلدا قوپال بولۇپ، قانۇن ـ ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلماي، كوللېكتىپنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ چېچىۋاتىدۇ، يۇلۇۋېلىۋاتىدۇ، ھەتتا دېھقانلاردىن مەجبۇرىي ھالدا پۇل ۋە مال ـ مۈلۈك يىغىۋاتىدۇ. بۇلار دېھقانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ئېغىر دەرىجىدە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا، دېھقانلارنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ھېسسىياتىغا بەرھەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىماقتا. دېمەك «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش» نۆۋەتتە يېزا خىزمىتىدىكى بىر قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى.

## بىرىنچى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنىڭ زىيادە ئېغىر بولۇشىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى

(1) بەزى جايلاردا دېھقانلاردىن قالايمىقان مەبلەغ توپلاش، قالايمىقان ھەق ئېلىش،قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، قالايمىقان سېلىق سېلىش تۈگىتىلمىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، گەرچە كۆپ ساندىكى رايونلار دېھقانلار ئۈستىگە ئالغان كەنت قالدۇرۇقى ۋە يېزا جۇغلانمىسىنى 5% چېكى ئىچىدە كونترول قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نورمىدىن سىرت مەبلەغ توپلاش، جەرىمانە قويۇش، سېلىق سېلىش ئەھۋاللىرى ئۈنۈملۈك توسۇلمىدى. بىرىنچىدىن، مەبلەغ توپلاش بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۈنۈملۈك كونترول قىلماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قالايمىقان ھەق ئېلىش كۆپ. بەزى جايلار دېھقانلاردىن مەجبۇرىي ھالدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش پۇلى، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى قوغداش، رايونلارغا ئايرىش ھەققى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش ھەققى، نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىش ھەققى، ئاز سانلىق جايلار يەنە دېھقانلاردىن كارخانا باشقۇرۇش ھەققى قاتارلىقلارنى يىغىۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، قالايمىقان سېلىق سېلىش ھادىسىلىرى ئېغىر. بەزى جايلاردا مەمۇرىي ۋاسىتە ئارقىلىق يېزىلاردا ھەرخىل سۇغۇرتا ھەققى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ھەققى، گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ھەققى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ھەققى ئېلىشنى يولغا قويغان، بەزى جايلاردا كىشى بېشىغا ياكى ئېتىزنىڭ مو سانىغا قاراپ دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى ۋە تىرىك ماللارنىڭ قان بېجىنى تەڭ چاچقان، دېھقانلارنى سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىغان؛ تۆتىنچىدىن، ئۆزگەرگەن شەكىلدىكى جەرىمانە كۆپ. مەسىلەن مەلۇم ئورۇن دېھقانلارنى كۆك تاماكا تېرىشقا مەجبۇرلىغان ھەم بىر ئائىلىگە 200 يۈەندىن ئارتۇق كۆك تاماكا ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى تاپشۇرۇشنى ۋەزىپە قىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزگەرگەن شەكىلدىكى دېھقانلارغا قويۇلغان ئوتتۇرىچە جەرىمانە ھېسابلىنىدۇ؛ بەشىنچىدىن، تۈرلۈك ناملاردىكى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجە ئاتلىتىش پائالىيەتلىرى كۆپ.

(2) كوللېكتىپ مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، ئىگىلىۋېلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇش. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شەرقىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى رايونلار ۋە ئىقتىسادىي بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار قوللانغان «سانائەت ئارقىلىق دېھقانچىلىقنى



يېتەكلەش ئىستراتېگىيىسى ئۈنۈملۈك بولغان، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر باياشات بولغانلىقتىن مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا دېھقانلارنىڭ يۈكىمۇ ئازراق بولغان. ئوتتۇرا-غەربىي قىسىم رايونلاردا، بولۇپمۇ ئاساسلىق ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردا دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاساسلىقى ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىن ۋە ئاز مىقداردىكى قوشۇمچە كەسىپلەردىن كېلىدۇ، كوللېكتىپنىڭ كۈچى بىر قەدەر ئاجىز. بۇ جايلاردا، بەزىلەر كوللېكتىپ مەبلەغ بىلەن مالىيە مەبلىغىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، مالىيە يېتىشمىسىلا كوللېكتىپ مەبلەغ ئارقىلىق تولۇقلايدۇ. كوللېكتىپ مەبلەغ كەم بولسا، دېھقانلاردىن مەبلەغ توپلىماي ئامال يوق. بۇ ھال مەبلەغ ئايلىنىشىنىڭ ناچار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاساسلىق ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ئىنتايىن پايدىسىز.

(3) دېھقانلار ئائىلىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سېلىق تولىمۇ تەڭپۇڭسىز. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان يېزا - بازارلارنى بىرلىك قىلغان يېزا جۇغلانمىسى، كەنت قالدۇرۇقىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى، ئوخشىمىغان نوپۇس، ئوخشىمىغان كەسىپ، ئوخشىمىغان كىرىملەردىكى دېھقانلار ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى يوشۇرغان بولۇپ، دېھقانلار ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي سېلىقنىڭ يا يېنىك، يا ئېغىر بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بولۇپمۇ ئاز ساندىكى كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ سېلىقى يېنىك، كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئائىلىسىنىڭ سېلىقى بەك ئېغىر بولۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بەزى جايلاردىكى كادىرلار دېھقانلارنىڭ ئالدىنقى يىلدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى يالغان يوللاپ، يېزا جۇغلانمىسى ۋە كەنت قالدۇرۇقىنى ئارتۇق يىغىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋېتىپ، سېلىقتا ئادىل بولماسلىق زىددىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

(4) ئاز ساندىكى جايلار دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش كارتوشكىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلىكتىن، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جىددىيلەشكەن، قىسمەن جايلاردا ئەسلى تارقىتىلىشقا تېگىشلىك نازارەت قىلىش كارتوشكىسى دېھقانلارنىڭ قولىغا تەگمىگەنلىكتىن، دېھقانلار نازارەت قىلىشقا ئامالسىز قالغان، بەزى جايلارنىڭ نازارەت قىلىش كارتوشكىسىنىڭ مەزمۇنلىرى قېلىپلاشمىغان، تۈرلىرى، ئۆلچەملىرى ئېنىق ئەمەس، كارتوشكىدا بەلگىلەنگەنلەردىن سىرت ھەق ئېلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. باج ھەققى يىغىشتا بەزى جايلاردا زورلۇق كۈچ، دىكتاتۇرا قوراللىق ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ دېھقانلاردىن پۇل، مال يىغىپ، دېھقانلار بىلەن كەسكىن زىددىيەت پەيدا قىلغان، ھەتتا ئېغىر دېلولارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، يېزالارنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن.

## ئىككىنچى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشنىڭ يولى

باش شۇجى جياڭ زېمىن: «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ياكى ئېغىرلاشتۇرۇش ھەرگىزمۇ پۇلنى ئاز ئېلىش ياكى كۆپ ئېلىش مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ياكى ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈش مەسىلىسى، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىش مەسىلىسى، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ياكى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەنىدى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسىنى مۇشۇنداق سىياسىي يۈكسەكلىكتە تونۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ئومۇمىي مەقسىتى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئېنىق ھالدا دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان كەنت قالدۇرۇقى، يېزا جۇغلانمىسى ۋە ئەمگەك مەجبۇرىيىتىنى قەتئىي ھالدا دۆلەت بەلگىلىگەن چەك ئىچىدە كونترول قىلىش، يېزىلاردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان مەبلەغ توپلاش، باھانە قالايمىقان ئۆستۈرۈش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش ۋە سېلىق سېلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق چەكلەش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان بارلىق ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجە ئاتىلىش پائالىيەتلىرىنى بىكار قىلىش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنىڭ زىيادە ئېغىر بولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر ۋەقە، دېلولارنى تۈگىتىش، دېھقانلارنىڭ نامۇۋاپىق سېلىقلىرىنى ھەقىقىي تۈردە يەڭگىللىتىش ھەمدە ئۇنى ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت، بەلگىلىمە دائىرىسىدە مۇستەھكەملەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەم ۋاقىتلىق چارە بولۇش ھەم تۈپتىن ھەل قىلىش چارىسى بولۇش، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش، شۇنداقلا قەتئىي ھالدا بوشاشماي تۇتۇش لازىم.

(1) دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، تەڭ تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرۇش لازىم. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي تۈردە يېنىكلىتىش - يېنىكلىتەلمەسلىك پۈتۈنلەي رەھبەرلىككە باغلىق. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى سىياسىي يۈكسەكلىكتە تونۇش، مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇش، قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ بىرىنچى قول مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئاساسلىق رەھبەرلەر ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى، مەسئۇل رەھبەرلەر ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، كىمدىن مەسىلە چىقسا شۇنى سۈرۈشتە قىلىش لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش، دېھقانچىلىقنى نازارەت قىلىش ئىدارىسى قاتارلىق فۇنكسىيىلىك ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ مەس-

ئۇلىيەت ئىش تەقسىماتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ئاكتىپ ماسلىشىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تۈزۈش ئېلىپ بېرىش لازىم. تەشكىلات تارماقلىرى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدىغان ۋە كۆڭلىگە ياقىدىغانلارنى قەتئىي ئۆستۈرمەسلىكى لازىم.

(2) دېھقانلارنىڭ مۇۋاپىق سېلىقىدىن باشقا ھەر قانداق ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى قاتتىق مەنئى قىلىش لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ تەلىپى بويىچە، دېھقانلاردىن ئارتۇقچە پۇل، مال، ئەمگەك چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بارلىق ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجە ئاتىلىش پائالىيەتلىرىنى بىكار قىلىش، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاش قاتارلىق شەكلى ئۆزگەرگەن تۈرلەردىكى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ، بەلگىلىمىدىن سىرت مەبلەغ توپلاش پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن دېھقانلارنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ھەرقانداق تۈردىكى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان مەبلەغ توپلاش تۈرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بولمايدۇ، مائارىپ، يول قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى مەبلەغ توپلاش تۈرلىرى قاتارلىقلاردا چوقۇم ئىختىيارلىق پرىنسىپى بويىچە سان مىقدارىنى كونترول قىلىش، قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ تەستىق سېلىش لازىم. دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش قاتارلىقلاردا ئىختىيارلىق پرىنسىپىدا تۇرۇپ، زورلۇق قىلىشقا ياكى ئۆزگەرگەن شەكىلدىكى ئەگەشمە ھەق ئېلىشقا بولمايدۇ.

(3) سېلىق ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، كەنت قالدۇرۇقى ۋە يېزا جۇغلانمىسىنى ھېسابلاش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنى ساختا مەلۇم قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغانلار بايقالغان ھامان ئۇلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھازىر كەنتلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم بويىچە ھېسابلاش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، پەيدىنپەي ھەر بىر دېھقانلار ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي كىرىمى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىشقا ئۆتۈش لازىم. كەنت قالدۇرۇقى، يېزا جۇغلانمىسىنى تاپشۇرۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلارغا، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئازايتىشقا، كېچىكتۈرۈشكە، كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى ۋە قان بېجى جەھەتتە يوقىرى كۆرسەتكۈچ بەلگىلەپ، ئادەم سانى ۋە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە قاراپ ھەق ئالىدىغان بارلىق خاتا ئۇسۇللارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم.

(4) قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ دېلولارنى قەتئىي بىر تەرەپ قىلىش لازىم. دېھقانلاردىن مۇۋاپىق دائىرە ئىچىدە پۇل، ماللارنى يىغقاندا، ئۇلارغا سىياسەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، داۋلى بىلەن قايىل قىلىش، دېھقانلارنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئۈندەش ۋە يېتەكلەش، ئاز ساندىكى كەنت قالدۇرۇقى، يېزا جۇغلانمىسىنى قەستەن تاپشۇرمايدىغان دېھقانلار ئائىلىسىنى بەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا، ئاممىۋى خىزمەتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەش، دېھقانلارغا مەجبۇرىي بۇيرۇق ۋە ئاددىي قوپال ئۇسۇللار بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، شەكىلۋازلىق ۋە ساختىپەزلىك قىلماسلىق كېرەك.

(5) دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى خام چوت، ئانچوت، نازارەت قىلىش كارتوشكىسى، مەخسۇس مۇپەتتىش قىلىشتىن ئىبارەت 3 خىل تۈزۈمنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، مەخسۇس تۈرلەرگە ئاجرىتىلغان پۇللارنى مەخسۇس تۈرلەرگە ئىشلىتىشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كۈچىنى تولۇقلاپ، ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش لازىم. كوللېكتىپ مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، ئىگىلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئىستېمىدىل ھەل قىلىپ، كەنت قالدۇرۇقى، يېزا جۇغلانمىسى قاتارلىقلارنىڭ يېزا ـ كەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(6) ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خادىملارنى سەرخىللاشتۇرۇش؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتىش لازىم. يېزا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش، دېھقانلارنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشتىكى تۈپ ئۇسۇل. ھەرقايسى رايونلار ئۆزلىرىنىڭ شەرت ـ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈشى، رايون خاراكتېرلىك تۈۋرۈكلۈك كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشى، نارقاق تىجارەت بىلەن چوڭ بازارنى بىرلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى تەدرىجىي ھالدا كۆلەملەشتۈرۈش ئۈچۈن ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، بىرلىشىپ باشقۇرۇش، ھەسسىدارلىق، ھەمكارلىق قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، بىر قەدەر مۇقىم بولغان كوللېكتىپ كىرىمنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئارتۇقچە خادىملارنى قىسقارتىپ ئىقتىسادىي مۇلازىمەت گەۋدىلىرىنى قۇرۇشقا تەشكىللەش، قىسقارتىلغان خادىملار ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىش، مالىيە چىقىمىنى ئازايتىش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئىمكانقەدەر يەڭگىللىتىش لازىم. (06)

**قۇدرەت مجىت فوتوسى**

# غەملەش، قالدۇرۇقنى يىغىش نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن بولىدۇ؟

## قىسمەن دېھقانلارنىڭ غەملەش، قالدۇرۇقنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە

جىن ۋېي

نۆۋەتتە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلمىغان نامرات يېزا ـ بازارلاردا غەملەش، قالدۇرۇقنى يىغىش قىيىن بولغاچقا، نۇرغۇن جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش قىيىن بولۇپ، يېزا ـ بازارلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش مۇمكىن بولماي، يېزا ـ بازارلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر چوڭ مەسىلە بولۇپ قالغان.

مېنىڭچە يېزا غەملىشى، كەنت قالدۇرۇقىنى يىغىشنىڭ قىيىن بولۇشىدا تۆۋەندىكى يەتتە تۈرلۈك سەۋەب بار.

1. بەزى كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرى ئادىل ئىش قىلماي، ئىستىلى ناپاك بولغاچقا، ئاممىدا قارشىلىق كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، تاپشۇرۇشنى خالىمىغان، بۇ % 15 چامىسىنى ئىگىلەيدۇ.

2. بەزى كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان، بۇ ھال غەملەش، قالدۇرۇقنى يىغىشقا تەسىر يەتكۈزگەن. بۇ % 20 چامىسىنى ئىگىلەيدۇ.

3. بەزى كەنتلەردىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم ھېساباتى بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەچكە، كىشى بېشىغا % 5 بويىچە يىغىش مەلۇم دەرىجىدە قىيىن بولغان.

4. %10 ئەتراپىدىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى بەزىسى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ئۇلاردا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە چاقىرىق كۈچى كەمچىل بولۇپ، خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان.

5. يېزا ئىگىلىكى مۇلازىمىتى ياكى دېھقانلار ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ۋە دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى چەكلىك بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇشى مۇمكىن بولماي قالغان.

6. ئايرىم كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرى غەملەش، قالدۇرۇق كارتوچكىسىنى دېھقانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەستىن، كەنتنىڭ كاتىپى ئۇنى بىر تۇتاش تولدۇرۇپ، بىر تۇتاش ساقلىغان. دېھقانلار ئۆزىنىڭ قانچىلىك تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن، يىغىدىغان چاغدىلا كادىرلار ئۇلارغا تاپشۇرىدىغان پۇل سانىنىلا ئېيتىپ بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن خاتا چۈشەنچە كېلىپ چىقىپ، يىغىشقا تەسىر يەتكۈزگەن.

7. بەزى دېھقانلار ئايرىم مەسىلىلەرنىڭ ۋاقتىنچە ھەل قىلىنمىغانلىقىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى قىلىۋالغان. ئۇلارنىڭ رەت قىلغانلىقى باشقا دېھقانلارغىمۇ تەسىر يەتكۈزگەن.

بۇ ئىشنى تۆۋەندىكى بەش جەھەتتىن تۈزەش لازىم:

1. كەنت، ئاھالىلەر كومىتېتى بەزىسى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، جەڭگىۋارلىقى، ئۇيۇشقۇش كۈچى، چاقىرىق كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

2. كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنى تاللاش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرى ئىستىلىنىڭ پاك بولۇش ـ بولماسلىقى ئىش بېجىرىشتە ئادىل بولۇش ـ بولماسلىقى، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

3. كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرى ئامما ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ۋاقتىدا ئاممىغا يەتكۈزۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭىچە كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشى لازىم.

4. غەملەش، قالدۇق يىغىش خىزمىتىنى قەتئىي تۈردە مەركەزنىڭ سىياسىتى بويىچە ئېلىپ بېرىش، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى ۋە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك غەملەش، قالدۇرۇقنىڭ نىسبىتى، سانىنى توغرا ھېسابلاش، ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، كېمەيتىۋەتمەسلىك لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، دېھقانلار ئاممىسىغا غەملەش، قالدۇرۇققا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بالدۇرراق ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

5. باھا قالايمىقان ئۆستۈرۈلگەن، قالايمىقان ھەق ئېلىنغان تۈرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنقىلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، دېھقانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم. (07)

(خېنەن «پارتىيە تۇرمۇشى»نىڭ 1999 ـ يىل 8 ساندىن)

# يېزىلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي بازىسى ماجىراسىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم

جالۇ فېڭلېي، خۇ مىڭيۇ

يېزىلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي بازىسى ماجىراسى ئىزچىل تۈردە يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بۇ ماجىرانى توغرا بىر تەرەپ قىلىش يېزا خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. يېزىلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي بازىسى ماجىراسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى بىر قانچە سەۋەب بار:

1. بەزى دېھقانلار كونا ئەنئەنىۋى ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان تۇرالغۇ ئۆي ئورنى - مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز خۇسۇسىي مۈلكىمىز دەپ قارىغاچقا، كوللېكتىپ بىر تۇتاش پىلانلىسا ياكى باشقىلارنىڭ ئۆي سېلىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلسا، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق توسقۇنلۇق قىلغان، ھەتتا چوڭ جېدەل چىقارغان ياكى يولسىزلىق قىلىپ يۇقىرىغا ئەرز قىلغان.

2. بەزى كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرى ۋە كەنتتىكى تەسىرى بار كىشىلەر ھوقۇقىغا تايىنىپ تۇرالغۇ ئۆي ئورنىنى ئارتۇق ئىگىلىۋېلىپ، ئاممىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان.

3. ئۆي سالىدىغان ئائىلىلەرنىڭ كونا ئۆيلەرنى چېقىپ كونا ئۆي بازىسىنى تازىلىۋېتىشىگە نازارەت قىلىش ئۈچۈن، ئادەتتە كەنتلەردە يېڭى ئۆي سالىدىغان دېھقان ئائىلىلىرى مەلۇم مىقداردا كاپالەت فوندى تاپشۇرۇشى لازىم دېگەن بەلگىلىمە بار. لېكىن بەزى كەنتلەردە بۇ بەلگىلىمە ئوبدان، قاتتىق ئىجرا قىلىنمىغان، كاپالەت فوندى نورمال ياكى ئەينەن يىغىۋېلىنمىغان، نەتىجىدە بەزى دېھقان ئائىلىلىرى يېڭى ئۆي سېلىۋېلىپ، كونا ئۆيىنى بۇزۇۋەتمەي، كونا ئۆي يېرىنى رەتلىمەي، يەر ئىسراپچىلىقىنى ۋە نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

4. بەزى كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاجىز بولۇپ، مەسىلىنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قويغان، يېزىلىق ئۆي بازىسىنى تەستىقلاش تارماقلىرى ئۆتكەلنى پۇختا ئىگىلىمەي، تەستىقلاش جەريانىدا بىپەرۋالىق قىلغان، بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئائىلە ياكى بىر قانچە ئائىلە ئوخشاش بىر ئۆي ئورنىنى تالىشىپ، ماجىرا كېلىپ چىققان، بەزى دېھقان ئائىلىلىرى يەر كۆلىمىنى تەستىقلاش، پىلانلاش تەلىپى بويىچە ئۆي سالمىغان، تەستىقلايدىغان مۇناسىۋەتلىك تارماقلارمۇ ئۇنى ۋاقتىدا توسىماي، بۇندىن كېيىنكى قورۇلۇشقا يوشۇرۇن ئاپەت قالدۇرغان.

يېزىلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي بازىسى ماجىراسىنى ھەل قىلىشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن تىرىشىش لازىم.

1. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا دائىر قانۇن - قائىدىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆي بازىسىنى ئارتۇق ئىگىلىۋالغانلاردىن ئارتۇق ئىگىلەش ھەققى ئېلىش، يېڭىدىن تۇرالغۇ ئۆي بازىسى بۆلۈپ بېرىشنى كەنت ئاھالىلىرى چوڭ يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش لازىم. يەر تەستىقلىتىش، پىلانلاش تەلىپىگە ئاساسلانماي، خالىغانچە يەر كۆلىمىنى كېڭەيتكەن ياكى تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىۋالغانلارنى قاتتىق جازالاش لازىم.


2.يېزىلاردىكى كادىر ۋە ئاممىغا بولغان تەربىيىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، ئۇلارغا بارلىق يەرنىڭ دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولىدىغانلىقى، ھەر قانداق شەخسنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشلا ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى، ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى تونۇتۇش لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكا بىلىملىرى ھەمدە قانۇن - قائىدىلەرنى ئۆگىنىشىنى ئوبدان تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ فېئوداللىق ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقىنى تازىلاپ، دۆلەتنىڭ يېزىلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - قائىدىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان بولۇشىغا ياردەم قىلىش لازىم.

3. غەيرىي يېزا ئاھالىسىنىڭ يېزىلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي بازىسىنى ئىشلىتىشىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ دۆلەت كادىرلىرى يەرگە دائىر قانۇن - قائىدىلەر ھەمدە مۇناسىۋەتلىك مىزانلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، بىكار تۇرغان تۇرالغۇ ئۆي بازىسىنى ئاڭلىق ھالدا قايتۇرۇپ، يېزا - بازارلارنىڭ پىلانلاش ئىشىغا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

4. مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئۆي بازىسىنى تەستىقلاش، رەنە پۇلى يىغىش، قايتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە تۈزۈم شەكىللەندۈرۈش لازىم. ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، كىمكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا شۇ كىشىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىم. (07)

# ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش كېرەك

ئىلھام ۋەلى



ئامىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى، بۇ خىزمەت ھازىرقى باسقۇچتا تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ سەل قارىغىلى بولماقتا. شۇڭا، ئۇنىڭغا چوقۇم يېڭى مەزمۇن، يېڭى شەكىل، يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىش لازىم.

كارخانىلار ئۆچۈن ئېيتقاندا، كارخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئىسلاھ چىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، بايلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى، كارخانىنىڭ ئىسلاھات تەدبىرىنى كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئامىسىغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ۋە قاراشلىرىنى ۋاقتىدا رەتلەپ، ئومۇملاشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىپ، تەدبىرلەرنى تەڭشىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغىنى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى كارخانا رەھبەرلىرىدە ئاممىدىن ئايرىلىش خاھىشى پەيدا بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا بيۇروكراتلىق، سۇبيېكتىپچىلىق، شەخسىيەتچىلىك يامراپ كەتتى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بۇنى يىغىنچاقلاپ: «نەپكە، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، غايە، ئېتىقادقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى؛ پۇلغا تىكىلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، خالىسانە تۆھپە قوشىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى؛ ئۆز قىممىتىنىلا تەكىتلەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، تەشكىلىي كۆز قاراشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى؛ پۇلنى چوڭ ـ چوڭ خەجلەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى»، ئۇلار «ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولمايدۇ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمايدۇ، ئاممىنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېيىشتى. ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇنىڭغا ئالللىبۇرۇنلا دىققەت قىلىپ، پارتىيە 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» نى چىقىرىپ، پۈتۈن پارتىيىدىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىللەتلىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىمۇ «پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، پاسسىپلىق، چىرىكلىكنى قەتئىي تۈگىتىش» مەسىلىسى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشتىكى زور مەسىلە سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا :«كومپارتىيە ئەزالىرى ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھەر زامان، ھەر ماكاندا، خەلقنىڭ رايىنى بىلىپ تۇرغان، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ تۇرغاندا، ئاندىن پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ئىستىلىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، كارخانىدا كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى جانلاندى، بىز ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش ئارقىلىق، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردىكى ئىدىيىۋى قارىشىنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ئوي ـ پىكرىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ئالدىن كۆرەرلىك ھالدا قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش دېگەنلىك ئاممىنىڭ پىكىر تەكلىپىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش دېگەنلىكتۇر.

بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت شەكىلۋازلىق، رەسمىيەتچىلىك قىلىش بولماستىن، بەلكى مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلىنى ھەل قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئاممىدىن كەڭ پىكىر ئېلىش، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. بىۋاسىتە ئاڭلاش كېرەك. پىكىر ئېلىشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپ، ھەر خىل يىغىنلاردا پىكىر ئېلىش، دوكلات ئاڭلاشتىن باشقا، رەھبىرىي كادىرلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىغا، ياتاقلارغا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە، شۇنداقلا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بارلىق پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلاردىن دوست تۇتۇپ، باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ئاممىنىڭ پىكرى ۋە ساداسىغا قۇلاق سېلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىمىز بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. رەئىس ماۋزېدۇڭ دېھقانلار بىلەن يەردە ئولتۇرۇپ سىرداشقان، زوڭلى جۇئېنلەي دېزۇ خەلقى بىلەن سۇ چېچىش بايرىمىدا بىللە بولغان؛ دېڭ شياۋپىڭ گازارمىغا بېرىپ جەڭچىلەرنى يوقلىغان؛ جياڭ زېمىن كان قۇدۇقىغا چۈشۈپ ئىشچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلىگەن ... مۇشۇنداق كەيپىيات، مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئامما نېمىنى ئويلىغان بولسا شۇنى دەيدۇ، قانداق پىكرى بولسا ئايىماي دەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى جانلىنىپ كەتتى، بولۇپمۇ ياش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، تارىخنى ئەسلەش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دوستلارچە سالاھىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشى، ئۇلار بىلەن سىردىشىشى، ئۇلارنى يېتەكلىشى ناھايىتى زۆرۈر.

2. كىشىلەرنى ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار ئاڭلىق ھالدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىشى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. 90 ـ يىللارنىڭ جياۋ يۈلۈسى كۆڭ فەنسېننىڭ خەلقنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆرۈپ ئامما بىلەن بار ـ يوقنى تەڭ كۆرۈشتەك ئىلغار ئىش ئىزلىرى بارلىق رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئۈلگە بولدى. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى كۆپ قېتىم ئۇقتۇردىكى ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشتا كەمتەر، سەمىمىي، ئېغىر ـ بېسىق بولۇش ئاچقۇچ، بۇ ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. كەمتەر بولۇش دېگەنلىك كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، كىبىر كۆرسەتمەسلىك دېگەنلىك؛ سەمىمىي بولۇش دېگەنلىك ئاممىغا سەمىمىي، چىن مۇئامىلە قىلىپ، ئاممىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاممىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلاش دېگەنلىك؛ ئېغىر ـ بېسىق بولۇش دېگەنلىك زېرىكمەي ۋە تېرىكمەي، ئامما ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ئاددىي ھالدا خاتىرىلىۋالماسلىق، ئۇنى كېيىنچە «قالپاق كەيدۈرۈش»، «ئومۇمىي ھېساب ئېلىش» ئاساسىمۇ قىلىۋالماسلىق دېگەنلىك، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئامما كۆڭلىدە ھەزەر ئەيلەيدىغان، كۆڭلىدىكى گېپىنى دېمەيدىغان ، رەھبىرىي كادىرلارنى كۆرسە قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

3. مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك. خاھىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى سەزگەندە، ئۇنى ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ، سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، توغرا ھۆكۈم قىلىپ، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش لازىم. مەسىلەن، بىر مۇنچە كارخانىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش جەريانىدا، خادىملارنى قايتا تەشكىللەش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش سەۋەبى تۈپەيلىدىن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بولۇپمۇ ياش ئىشچىلارنىڭ ئىدىيىسىدە بىر قەدەر چوڭ داۋالغۇش يۈز بەردى، مۇتلەق كۆپ كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى ئوخشاش بولمىغان يوللاردىن پىكىر ئېلىپ ۋە تەكلىپ قوبۇل قىلىپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ ھەل قىلدى، دەمال ھەل قىلغىلى بولمىسا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چۈشەنچە بېرىپ، كېيىن ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن پىكىرلەرگە قارىتا ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلدى؛ ھەم كارخانىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى سۆزلىدى، ھەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي مەنپەئىتىنى سۆزلىدى؛ ھەم باشقا كارخانىلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ھەم ئۆز كارخانىسىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئالدىن ئىشلەپ، مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلدى. بۇنداق خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ كارخانىنىڭ تىنچلىقىنى، مۇقىم بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداشتىكى مۇھىم تەدبىر ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن مۈشكۈل، مۇرەككەپ ۋەزىپىلەر ئالدىمىزدا تۇرماقتا، نۇرغۇن كونا مەسىلىلەرنى داۋاملىق ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، پارتىيە ئاممىغا يېقىندىن تايىنىپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا ھەر ۋاقىت قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئىگىلەپ تۇرغان، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغاندا، ئاندىن قۇدرەتلىك كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىغىلى بولىدۇ» .(06)

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۈڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ)

# ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە سەنئىتى

كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ لاياقەتلىك شۇجىسى بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە سەنئىتىنى ئۆگىنىۋېلىش، ئىگىلىۋېلىش كېرەك.

**1. يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش** يۇقىرىنىڭ ئەھۋالى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ۋەزىيەت ۋە كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تۆۋەننىڭ ئەھۋالى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، خىزمەت پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىنىڭ ئەھۋالىنى پۇختا، تولۇق ئىگىلەشتە پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرىدىن كۆپچىلىكنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي چۈشەندۈرۈش، ئىجابىي، كىشىلەر قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىدىيە جەھەتتە يېڭى كۆزقاراش تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەشتە پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرىدىن ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، چۈشكەن پىكىر-تەكلىپلەرنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شاكىلىدىن مېغىزىنى ئايرىۋېلىپ، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈپ، ئاساسىي ئىدىيىۋى ئېقىمنى، ئاساسلىق زىددىيەتنى ئىگىلەپ، تەربىيىلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**2. مەركىزىي ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، باشقا خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش** بىر ئورۇندا بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە تۈرلۈك مەركىزىي خىزمەت بولۇشى ناتايىن، شۇڭا مۇھىم، مۇھىم ئەمەسلىرىنى، جىددىي، جىددىي ئەمەسلىرىنى ئېنىق ئايرىپ، ئۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەركىزىي خىزمەتنى قانداق تۇتۇشقا كەلسەك، ئۇ مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ۋاقىت جەھەتتە قايسىسىنى ئاۋۋال، قايسىسىنى كېيىنكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىشىش؛ يەنە بىرى، مەزمۇن جەھەتتە قايسىسى مۇھىم، جىددىي، قايسىسى ئانچە مۇھىم ئەمەس، بۇنى ئېنىق ئايرىش، زېھنىي كۈچنى قانداق تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

**3. ئىككى باشنى تۇتۇپ ئوتتۇرىدىكىلەرنى يېتەكلەش** ئىلغار تىپلاردىن ۋە ئارقىدا قالغانلار ئىچىدىكى ئىلغارلارغا ئايلانغان تىپلاردىن پايدىلىنىپ ئوتتۇراھال ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتىش ـ بىر خىل ئۈنۈملۈك، يولغا قويۇشقا بولىدىغان رەھبەرلىك ئۇسۇلى. بىر ئورۇندا ئىلغار، ئوتتۇراھال، ئارقىدا قالغانلارنى ئايرىماي، پەرقلەندۈرمەي خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئوتتۇراھال ھالەتتە تۇرىدىغانلار ھەمىشە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا پەقەت ئوتتۇراھال ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلارنىلا تۇتقان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، شۇڭا، گەرچە ئىلغارلار ۋە ئارقىدا قالغانلار ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ مۇشۇ ئىككى باشنى چىڭ تۇتىدىغانلا بولسا، كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇراھال ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلارنى يېتەكلەپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى داۋانغا يامىشىۋاتقان ئاپتوموبىللاردەك، ئالدىدىكى ئاپتوموبىل تارتىپ، كەينىدىكى ئاپتوموبىل تۈرتىدىغاندىلا تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلىگىلى بولغانغا ئوخشاش ئىش.(04)



# ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش ئىشسىزلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەمدۇ ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتەمدۇ؟

جالڭ كۈنلۈن

1999 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش ھەجمى تۇنجى قېتىم 40% تىن ئېشىپ كەتتى. بۇ، ئېلىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ سەكرەش بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولىدۇ.

ئوبيېكتىپ ھالدا قارىغاندا، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش، بىر تەرەپتىن، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىش ئارزۇسىنى زور دەرىجىدە قاندۇرغان ھەم ئىچكى ئېھتىياجنى مەلۇم دەرىجىدە قوزغاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىش ئىشقا ئورۇنلىشىش كۈندىن ـ كۈنگە قىيىنلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئەھۋال بىر مۇنچە كىشىلەردە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس بولۇشنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەرمۇ دېگەن ئەندىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنداقتا، ئىشقا ئورۇنلىشىش تەس بولۇش بىلەن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىشقا قانداق قاراش كېرەك؟

ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس بولۇش مەسىلىسىگە جىددىي قاراش، ئېلىمىزدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېخى مۇتلەق ئېشىپ كەتمىگەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىش لازىم. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، جايلاردىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تەمىنلەش ۋە تەلەپ نىسبىتىدە ئەكس ئېتىلگەن ئىشقا ئورۇنلىشىش تەس بولۇش، ھەقىقەتەن پۈتۈن جەمئىيىتىمىزدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش تەس بولۇشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئەمما، 4 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى سانغا ئاساسلانغاندا، 25 ياشتىن يۇقىرى نوپۇس ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى ئالغانلار 2% نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا، تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ 8.8% لىك سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇپلا قالماي، ھەتتا تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ 2.7% لىك سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا نەزەر سالساق، ئېلىمىزدە 48.8 كىشى (چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن، ئامېرىكىدا 526.7 كىشىدىن توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «دۆلەتنى پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئاساس قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىمىز دەيدىكەنمىز، ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى ۋە ئۆلچىمى بىلەن باھا بېرىشكە بولمايدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا «بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش» سىياستى يولغا قويۇلۇپ، پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەلگىلەنگەن تەقسىم قىلىش، تىزىمغا ئالدۇرۇش مۇددىتى ئىچىدە ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ بولاتتى،

«خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش تەس بولۇش» مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا «قوش يۆنىلىشلىك تاللاش» تىن ئىبارەت كەسىپ تاللاش مېخانىزمى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، تاللاش جەريانى ھەر ئىككى تەرەپ ئېتىراپ قىلىدىغان «بىرلىشىش» جەريانى بولۇشى كېرەك. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن چاغدىكى «ئىشقا ئورۇنلىشىش توختىمىنى ئىمزالاش نىسبىتى»نى ئۆزگەرمەيدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى دەپ قارىماسلىق لازىم.

نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس بولۇش ئەھۋالى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، دۆلەت كارخانىلىرى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەردىن باشقا ئورۇنلارغا بارماسلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پىكىر يولى بولۇپ قالغان. ھالبۇكى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشىدا، «ئەركىن يۆتكىلىش» ۋە «ئەلالىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش» مېخانىزمىنىڭ رول ئويىنىشى ئارقىسىدا، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتتە مۇۋاپىق تەقسىملىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشان قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە، كىشىلەر مەلۇم بىر ئورۇنغا كىرىۋېلىشنى ئىشقا ئورۇنلاشقانلىق دەپ قارايتتى، ھالبۇكى، بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشقان ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشى كىشى ياللاش ۋە ياللىنىش قاتارلىق تېخىمۇ مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. روشەنكى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار زاماندىن قالغان ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشىنى يېڭىلىشى كېرەك.

بىز بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى «ئادەم كۈچى مەنبەسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۆتكىلىپ تۇرۇشچانلىقى» نۇقتىسىدىن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىشنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تونۇشىمىز لازىم. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەمگەكچىلەر بىر قەدەر كۈچلۈك يۆتكىلىپ تۇرۇشچانلىققا ئىگە، بىر ئادەمنىڭ ئۆز كەسپىنى كۆپ قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى ئىنتايىن نورمال ئەھۋال، بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئەمگەك كۈچى، بايلىقىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشچانلىقى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئېلىمىزدە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش، قوش ئىلمىي ئۇنۋان، كۆپ ئىلمىي ئۇنۋان مائارىپىنى كېڭەيتىپ، ئۆمۈرلۈك مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىر كەسىپتە كۆپ تەرەپتىن ئىقتىدارلىق بولغان، كۆپ كەسىپتە كۆپ تەرەپتىن ئىقتىدارلىق بولغان ئىختىساسلىقلارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن.

يىراقتىن قارىغاندا، مائارىپنى، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرغاندا، ئاندىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، بىرىنچى، توغرا لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرغاندا، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى ئوتتۇرا تېخنىكوم، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقىسىنىڭ تەمىناتى كېيىنكىسىنىڭكىدىن خېلى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ، ئوقۇش تارىخى قانچە يۇقىرى بولسا ئىشقا ئورۇنلىشىش شۇنچە ئاسان بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشى ئۈچۈن پايدىلىق. ئىككىنچى، بىر دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتى ۋە روناق تېپىش دەرىجىسىگە باغلىق، بۇنىڭدا مائارىپنىڭ زور بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىغا تايىنىدۇ، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشىدىكى زور تۈرتكىلىك كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

بۇندىن كېيىن جەمئىيىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجى ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەبىئىي ھالدا كېڭىيىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن ئامىللار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەبىئىي ئېھتىياج مىقدارىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئامىللار:

1. دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپاراتىنى ئىخچاملاش، خادىملارنى قىسقارتىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ، خادىملارنىڭ سانى نىسبىي مۇقىم سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن، خادىملارنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش يولى بىلەن تەبىئىي ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئورگانلارنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدۇ.

2. غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكى، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ۋە چەت ئەل مەبلىغى ئىگىلىكىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدۇ.

3. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا بازىرىغا بارغانسېرى كۆپ كىرىشىدەك تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئېلىمىزدىكى يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارغا ئەڭ كەڭ دائىرىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ:

——ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ماائارىپ ساھەسىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئەگەر تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتىن ئېيتقاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇش، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا تولۇق كۇرستىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ماگىستىر ئاسپىرانتتىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇش تەلىپى قويۇلسا ھەمدە ھازىر بار بولغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلسە، ئالىي مەكتەپلەر ئۆز مەكتىپىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتەلەيدۇ.

——ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، كارخانا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى كېڭەيتىش لازىم. دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، رىقابەت كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا ساپاسى ئىنتايىن تۆۋەن. ئالايلۇق، ئېلىمىزدىكى ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ئىشچىلىرى ئىچىدە ئالىي كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى ئالغانلارنىڭ نىسبىتى %2 نى ئىگىلەيدۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا %29 نى، ياپونىيىدە %32 نى، ئامېرىكىدا %38 نى ئىگىلەيدۇ. تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار چوقۇم يېتىشكە تېگىشلىك بولغان ئوقۇش تارىخىي ئۆلچىمى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئالىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار مەنبەسىنى كېڭەيتكىلى ھەمدە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

——ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇش لازىم. تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىيلىرى تولۇق كۇرستىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇش، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىيلىرى ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇش، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلىرى ئوتتۇرا، تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇش تەلىپى قويۇلسا، شۇنىڭدەك يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سالمىقى ئاشۇرۇلسا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتكىلى ھەمدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس بولۇش بىلەن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەتراپلىق، دىئالېكتىك قارىغاندىلا ئاندىن 1999 ـ يىلىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىش يولى توغرا بولغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ يولدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش لازىم، دېگەن يەكۈننى چىقىرالايمىز. (05)

(ئاپتور: خېنەن داشۆسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدۇ)

# تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش توغرىسىدا

جاڭ جىنسۇڭ خۇاڭ شىيۇەن

تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى بەلگىلىگەن. تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىدىيە، ئىستىل جەھەتلەردىن قانداق قىلىپ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تولۇق ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتقان بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلىكنىڭ ئىپادىلىرى:

تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى مۇھىم خىزمەت بولغاچقا، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، يەنى تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر قولىدىكى ھوقۇققا توغرا مۇئامىلە قىلالماي، ھوقۇققا تايىنىپ ھەر خىل چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى سادىر قىلماقتا. مەسىلەن، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، مەنسەپنى سېتىپ باي بولۇش، مەنسەپ بېرىشتە ۋەدە قىلىش، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇش قاتارلىقلار. بۇنى ئۈزۈل-كېسىل تۈزەتمىگەندە، چىرىكلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

قانداق قىلغاندا تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى تۈزىگىلى بولىدۇ؟

## 1. ئىدىيىۋى مەنبەنى ئوبدان تۇتۇشنى ئاچقۇچ قىلىش كېرەك

بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش لازىم، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە شۇنىڭ بىلەن قوراللىنىش لازىم. ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق سىياسىي ساپا ۋە كەسپىي ساپانى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيىۋى مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ، زەھەرنى يۇقتۇرمايدىغان قىلىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەش لازىم. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ، تۈزۈلمە، قانۇنچىلىق ۋە سىياسەتلەر تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىدى، تەلىم-تەربىيە، باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈملىرىدە ئاجىز ھالقىلار ھېلىھەم مەۋجۇت. بەزى پارتىيىلىك كادىرلار يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، چىرىپ چۈشكۈنلىشىپ، غايە ۋە ئېتىقادىنى يوقىتىپ، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، ئاخىرى پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ قاتتىق جازاسىغا تارتىلماقتا. بۇ چوڭقۇر ساۋاقلار بىزگە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىگەندىلا ئاندىن توغرا يولغا ماڭغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مۇستەھكەم ئېتىقاد بولۇشى لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پاك-دىيانەتلىك ئىستىل ئىدىيىدە سەگەك بولۇشتىن ئېتىقادنىڭ مۇستەھكەم بولۇشتىن، سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىكتىن كېلىدۇ. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن مۇستەھكەم

پارتىيىۋىلىك ۋە ئېتىقاد بولۇشى لازىم. بۇ ئالدىنقى شەرت بولمىسا، خىزمەتتە خاتا يولغا مېڭىپ قېلىش كېلىپ چىقىدۇ.

**2. چىرىكلىككە قارىشى تۇرۇشقا بولغان تونۇشنى تۇتۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك**

بىر قولدا ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشنى تۇتۇش ئۇزاققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلىدىغان بىر مۇھىم فاڭجېن. ھەرقانداق ۋاقىتتا سىگنال بېرىپ تۇرۇش لازىم، بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر بۇنى تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇشى لازىم.

ھازىر شەخسىي نام، مەنپەئەتنى قوغلىشىدىغان، مۇناسىۋەت باغلاشقا قىزىقىدىغان، تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرىدىغان، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرىدىغان، ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرىدىغان، يەپ ـ ئىچىپ ئويۇن-تاماشا قىلىدىغانلار كۆپ، بيۇروكراتلىق، پۇلپەرەسلىك، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك ئەمەل سودىسى قىلىش، ھوقۇق ـ پۇل سودىسى قىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇش قاتارلىق پاسسىپ، چىرىك ئەھۋاللار ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا. بۇ مەرەزلەر ۋاقتىدا يوقىتىلمايدىغان بولسا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئورگانىزمىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى پارتىيىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى، بۇ خىزمەتنى ئىشلىگۈچىلەر پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، ئىستىلى دۇرۇس، ئىشنى ئەستايىدىل بېجىرىدىغان، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان، قانۇن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان بولۇشى لازىم.

شۇڭا، تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان، زىيان كەلتۈرگەنلەرنى چىرىكلىكنى يوقىتىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ، قەتئىي جازالاش لازىم، بۇنداق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زور بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ:

1. تەشكىلات، كادىرلار ئىشلىرىدىكى چىرىكلىكنى جازالاش كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق. «سىياسىي لۇشيەن بېكىتىلگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ.» كادىرلار خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى كادىرلار خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، كادىرلار قوشۇنىنى ياخشى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كادىرلار قوشۇنىنى ئوبدان قۇرۇش ئۈچۈن، تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدە كۆرۈلگەن ناتوغرا ئىستىللارنى ۋاقتىدا ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش، پارتىيىنىڭ تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى ئىنتىزامىغا خىلاپ بولغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى ئىنتىزامىغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان ئادەم ۋە ئىشلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، يامان ئادەملەرنى جازالاش ئارقىلىق ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەشۋىق قىلىپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، كادىرلار قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

2. تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭگۈشتەرى. ئەگەر بۇنداق ئاكتىپلىق ۋە ئىجادچانلىق كەم بولسا ياكى بولمىسا پارتىيىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىدۇ. ياكى يوقىلىدۇ.

3. تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ كاپالىتى. پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كادىرلار خىزمىتىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، كادىرلارنى تاللاش، سەپلەش، تەكشۈرۈش قاتارلىق ھالقىلار ۋە جەريانلاردا كونكرېت، چەكلەش خاراكتېرلىك تۈزۈم ئورناتقا-

دىن باشقا، پارتىيىنىڭ تەشكىلات، كادىرلار تۈزۈمى ئارقىلىق بۇ تۈزۈملەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇ ئارقىلىق كادىرلار خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىدە بەلگىلەنگەن يولنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

4. تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش كادىرلار قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشنىڭ كاپالىتى. پارتىيىنىڭ تەشكىلات، كادىرلار تۈزۈمىدە كادىرلار لۇشيەنىگە، كادىرلار تۈزۈمىگە ئېغىر ھالدا خىلاپ بولغان بارلىق ھەرىكەتلەر توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولغاچقا، كادىرلار تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى جازالاش ئارقىلىق، كادىرلار خىزمىتىدە ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىنى ئازايتىپ ياكى ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ، كادىرلار خىزمىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

5. تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدىكى چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش پارتىيىنىڭ ھەرخىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىنىڭ ئېھتىياجى. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت 3 جەھەتتىكى سىناققا دۇچ كەلمەكتە. بۇ 3 جەھەتتىكى سىناق قاتتىق سىناق. ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش-بېرەلمەسلىك پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇڭا، كادىرلار قوشۇنىنى ئوبدان قۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى پارتىيىنىڭ تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى ئىنتىزامىغا ئېغىر ھالدا خىلاپ بولغان بارلىق ئادەم ۋە ئىشلارغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتى ئىنتىزامىغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ پاكلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

**3. تۈزۈم جەھەتتىن نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى ئوبدان تۇتۇشنى مەركەز قىلىش كېرەك**

ئىچكى ئامىل تاشقى ئامىل ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. لېكىن ئىچكى ئامىل ئاساسىي زىددىيەت. (1) ئۆز ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئىش بېجىرىشتە سالماق بولۇش، يېنىكلىك قىلماسلىق؛ (2) ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىش، دائىم ئۆز قىلمىشى ئۈستىدە ئويلىنىپ تۇرۇش، ئۆز ئىستىلىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكنى يادىدا تۇتۇش؛ (3) ئۆز ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇش، ھەمىشە ئۆز ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش، سىياسىي ئىممۇنىتېت كۈچىنى كۈچەيتىش؛ (4) ئۆز ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش ھەمىشە ئۆزىگە ئىلھام بېرىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىشچانلىققا ئىگە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مۇشۇ ئاساستا، ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەش يوللىرىنى پائال تۈردە ئىزدىنىش لازىم. بۇنىڭ مەركىزىي قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىپ، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇش، كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، ئۆزىنى چەتكە ئالدۇرۇش، تەكشۈرۈپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ئۆتكەلنى ئوبدان ئىگىلەش لازىم. بۇنىڭدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىشنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم:

(1) «ھەقىقىي»بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىستىلدا پۇختا، ئەمەلىي بولۇش.

(2) «بوشاڭغۇ بولۇش»نى تۈگىتىپ، ئۆز نەپسىنى كونترول قىلىش لازىم.

(3) «قاتتىق بولۇش»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئېھتىياتچان بولۇش لازىم.

(4) تىرىشچان بولۇپ، خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەش لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىرقاتار چارىلەرنى تۈزۈپ، قېلىپلاشقان، تەرتىپلىك قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىدە چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى قەتئىي توسۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىشلىرىمىز غەلىبە قىلىدۇ. تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىمۇ بىر يېڭى باسقۇچقا قەدەم تاشلايدۇ». (07)

## يېڭىشەھەر ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۇرلۇك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 ـ سېپىگە يۈزلەندۇردى. يېزا كەنتلەردە ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش سىستېمىسى، مۇلازىمەت سىستېمىسى، تەربىيىلەش سىستېمىسى بولۇشنى يولغا قويۇپ، 1995 ـ يىلدىن بۇيان، ناھىيىدە پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل ھاكىم، يېزىدا پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، كەنتتە پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى بولۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردى. ناھىيە ۋە يېزا كەنتلەردە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، دېھقانلارنى ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن ئەتراپلىق تەربىيىلىدى. ھازىر پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىدە بىردىن پەن ـ تېخنىكا خادىمى بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.(05)

**سابىرجان سېيىت**

## ئاتۇش تاشيول باش ئۆچاستكىسى پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئاتۇش تاشيول باش ئۆچاستكىسى يېقىندىن بۇيان پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ باش ئۆچاستىكا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىقنى چەكلەشكە قارىتىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش ئۆچاستىكىنىڭ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى 8 تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنى كەڭ كادىرلارغا تەشۋىق قىلىپ، كادىرلارنىڭ «پاك ـ ئىنتىزامچان بولۇش مەسئۇلىيەتنامىسى»، «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەتنامىسى»نى ئىمزالاپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشلىتىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۆچاستىكىنىڭ مەلۇم باشلىقى تېلېفون ھەققىنىڭ نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن 2000 يۈەننى ئۆزلۈكىدىن مالىيىگە تاپشۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارغا ئۈلگە بولدى. تۈرلۈك يىغىن ۋە مۇراسىملار ئازايتىلىپ چىقىم تېجەلدى.(05)

**تۇرسۇنگۈل مامۇت**

## ئاتۇش شەھىرى ئائىلىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

ئاتۇش شەھەرلىك سۇ تۇرۇبا شىركىتى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۇ بىلەن نورمال تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەرلىك سۇ تۇرۇبا شىركىتى كۈچنى مەركەزلەشتۇرۇپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئاسراش، مۇكەممەللەشتۇرۇش بىلەن بىرگە، بىر قىسىم سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىپ، يېڭىدىن 7 بورۋاي قازدى، بوغۇز دەرياسىدىن يۇقىرى ئىشتاچى كەنت ئارىلىقىغا سۇ مۇنارى ياسىدى، پامىر يولىدىكى پاكىز سۇ ۋە مەينەت سۇ تۇرۇبىسىنى ئۆزگەرتتى، 50 نەچچە ئورۇندىكى سۇ توختىتىش، باشلاش ئېغىزىنى رېمونت قىلدى ھەمدە سۇ باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن توختام ئىمزالاپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى سۇ بىلەن تولۇق تەمىنلەشنى ۋە زاپاس سۇ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۇ ئىشلىتىشكە بولغان جىددىيچىلىكى پەسىيىپ، سۇ بىلەن تەمىنلىنىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.(05)

**ئابلىز ئابلەت مەخسۇم**

## كىلىيالى يېزىسى مائارىپقا ئەمەلىي ياردەم بەردى

گۇما ناھىيە كىلىيالى يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز يېزىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە بۇيۇملىرى كەمچىل بولۇش، بىر قىسىم كەنتتىكى مەكتەپلەرنىڭ تېمى ۋە ھاجەتخانىسى بولماسلىقتەك ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1999 ـ يىلى يېزا مالىيەسىدىن تەخمىنەن 20 نەچچە مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قورۇ تېمىنى پىششىق خىش بىلەن سېلىپ بەردى. باشلانغۇچ مەكتەپكە 220 مېتىر قورۇ تېمى چۆرۈپ بەردى، كەنتتىكى مەكتەپلەرگە 5 يۈرۈش ھاجەتخانا سېلىپ بەردى، 5 دەرۋازا ياسىتىپ بەردى، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تەنتەربىيە بۇيۇملىرىنى تولۇقلاپ بەردى ھەمدە مەركىزىي مەكتەپنىڭ سىنىپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قۇم، شېغىل، تاش قاتارلىقلارنى ھەقسىز تەييارلاپ بەردى.(05)

**ئابلىز ئابلەت**

## ئاختام يېزىسى باغۋەنچىلىككە ئەھمىيەت بەرمەكتە

پوسكام ناھىيە ئاختام يېزىسى ئۆز جايىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قولتۇق ئېرىق كەنتىنى نۇقتىلىق چىلان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلدى ۋە 30 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ئەلا سورتلۇق چوڭ چىلان كۆچىتى تىكىپ، ئۈستۈرۈپ، مېۋىگە كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. پۈتۈن يېزىدىكى كادىر ۋە دېھقانلارنى كۆپلەپ مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىش، مېۋىلىك باغ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئاختام يېزىسى باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، باغۋەنچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرى، باغ ھۆددىگەرلىرى ۋە بىر قىسىم دېھقانلارنى ئەمەلىي قوللىنىدىغان باغۋەنچىلىك پەن ـ تېخنىكىسى بىلىملىرى بىلەن سىستېمىلىق تەربىيىلىدى. نەتىجىدە، بۇ يېزىدىكى ئامما ئېتىز ئېرىق، يول بويلىرى ۋە ھويلا ـ ئاراملارغا مېۋىلىك كۆچەت تىكىپ، مېۋىلىك باغ ئەھيا قىلىپ، يېزىنى مېۋىلىك باغقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.(05)

**تۇرسۇن راخمان**

## ھاڭگىيا يېزىسىدا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ ياخشى ئىشلەندى

لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگىيا يېزىسى بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىنىڭ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇق، بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ خىزمەتنى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ نازارەت قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى. يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىيىن، چىگىش مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتتى.

ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەققىنى 5% ئىچىدە قاتتىق كونترول قىلىش بەلگىلىمىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كوللېكتىپقا ۋە يېزىغا تاپشۇرىدىغان ئوتتۇرىچە ھەق 1.05% كېمەيدى؛ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كەنت كوللېكتىپىغا تاپشۇرىدىغان جامائەت، پاراۋانلىق فوندى ۋە باشقۇرۇش خىراجىتى 3% تىن 2.37% كە؛ يېزا يىغىمىسى ۋە مائارىپ خىراجىتى 2% تىن 1.58% كە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئاممىنىڭ ساداسىغا قولاق سېلىش، پىكىر ئىنكاسلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئاممىنىڭ پۇلىنى خەجلىۋالىدىغان، ئاممىدىن ئارتۇق پۇل يىغىۋالىدىغان، ئاممىغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پۇللارنى قايتۇرمايدىغان ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، ئۇنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. (05)

**ئەلمەردان ئابدۇللا**

## پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۆچمەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلسا بولامدۇ؟

پارتىيىمىز ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە. پارتىيە ئەزالىرى قەيەرگە بېرىشتىن قەتئىينەزەر پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا هوقۇقلۇق. كۆچمە پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارنى باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. پارتىيە ئەزالىرى كۆچۈپ كەتكەن ۋە كۆچۈپ كىرگەن رايونلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بويىچە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ھەمكارلىشىپ كۆچمەن پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى ئورتاق كۈچەيتىپ، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنى نەگە كۆچۈپ بېرىشىدىن قەتئىينەزەر پارتىيە تەشكىلاتىدىن ئايرىلماي، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەربىيىسى ۋە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

پارتىيە تەشكىلاتلىرى سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىق تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ۋاقتىدا پارتىيە ياچېيكىسىغا، پارتىيە گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈشى ھەمدە ئۇلارنى تىزىمغا ئېلىپ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يوللاپ ئىگە ئالدۇرۇشى كېرەك. سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆز ئورنىدىكى پارتىيە ئەزالىرىغا ئوخشاش قاتتىق باشقۇرۇشى ۋە ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا ۋە باشقا ئىچكى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، ئۇلاردىن بەلگىلىمە بويىچە پارتىيە ئەزالىق بەدەل پۇلى ئېلىشى ھەمدە ئۇلارغا مۇۋاپىق خىزمەت تەقسىم قىلىپ بېرىشى كېرەك.

ھەر قانداق جاي ياكى ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەر قانداق باھانە سەۋەب بىلەن بەلگىلىمە بويىچە يۆتكەپ بېرىلگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى ياكى «كۆچمە پارتىيە ئەزالىرى پائالىيەت كىنىشكىسى»بار پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بەلگىلىمە بويىچە پارتىيە ئەزالىق تەشكىلىي مۇناسىۋىتى يۆتكەپ بېرىلگەن ياكى قولىدا «كۆچمە پارتىيە ئەزالىرى پائالىيەت كىنىشكىسى»بار پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىش پارتىيە ئەزالىرىنىڭ هوقۇق مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشىغا ياتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا پارتىيە ئەزالىرى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا ئەرز سۇنۇشقا هوقۇقلۇق. ئالاقىدار پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قىلمىشى ئېغىرلىرىنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ هوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش نىزامى بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.(07)

## ياچېيكا چوڭ يىغىنى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىش قارارىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەكشۈرۈپ

## ئەستىقلىشقا يوللايدىغان ئومۇمىي ماتېرىيال قانداق يېزىلىدۇ؟

ياچېيكا يىغىنى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىش قارارىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، پارتىيە ياچېيكىسى بىر نۇسخا ئومۇمىي دوكلات يېزىپ، پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامىسى ۋە پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى، سىياسىي تەكشۈرۈش ماتېرىيالى، تەربىيىلەپ كۆزىتىش ماتېرىيالى بىلەن قوشۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك. دوكلات يېزىش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچىدىن، باش تېما يېزىلىدۇ. مەسىلەن: «يولداش × ×نى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات». دوكلات يوللاش ئوبيېكتىنى ئېنىق يېزىش كېرەك. مەسىلەن: × × پارتكومى (ياكى پارتىيە باش ياچېيكىسى)غا. ئىككىنچى ئاۋۋال × - يىل × - ئاي × - كۈنى ئېچىلغان ياچېيكا يىغىنىدا × ×نى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش مۇزاكىرە قىلىندى دېگەن سۆز يېزىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان ئوبيېكتنىڭ تەبىئىي ئەھۋالى، ئاساسلىق كەچۈرمىشى يېزىلىشى؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوبيېكتنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئەھۋالى، جۈملىدىن شۇ كىشىنىڭ سىياسىي تارىخىي ۋە ئائىلىسىدىكى ئاساسلىق ئەزالار، يېقىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى يېزىلىشى كېرەك. يەنە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىنى تونۇشتۇرۇش، ياچېيكىنىڭ ئۇنى كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش پىكرى ۋە ياچېيكا يىغىنىنىڭ ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسىنى ئىزاھلاش، يەنى يىغىنغا كېلىشكە تېگىشلىك ئاۋاز بېرىش هوقۇقىغا ئىگە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى، ئەمەلىيەتتە يىغىنغا كەلگەنلەرنىڭ سانى قوشۇلغان ئاۋاز، قارشى ئاۋاز ۋە سايلاش هوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە بېرىش لازىم، ئاخىرىدا ياچېيكا شۇجىسى ئىمزاسىنى قويۇپ، يىل، ئاي، كۈنىنى يېزىپ قويۇشى كېرەك.(07)

(بېيجىڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»نىڭ 1999 يىل 10 سانىدىن)

## پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم شەكلى. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىندا تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق بىر - بىرىنى نازارەت قىلىدۇ، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ھەق - ناھەقنى ئايرىۋالىدۇ، ئىدىيە ئالماشتۇرىدۇ، تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا نازارەت قىلىش رولىنى ئوينىپ، چەكلەپ تۇرۇش كۈچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ئاساسلىقى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭ

جىن، سىياسەتلىرى ۋە قارارلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، ئىنتىزامغا، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئەھۋالى، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئەھۋالى ۋە باشقا مۇھىم مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ۋە يەكۈنلەپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. كونكرېت ئورۇنلارغا كەلسەك، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ نۆۋەتتە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز ئورنىدىكى رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئاساسىي قارالمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشى كېرەك.(07)

## پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلمىغان چەت ئەل كارخانىلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى دېموكراتىك ھوقۇقنى قانداق يۈرگۈزىدۇ؟

كۆچمە پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا رەسمىي پارتىيە ئەزاسىلىق تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرگەنلەر بارغان رايون، ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

پارتىيە ئەزاسىلىق تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى ئۆتىمىگەن كۆچمە پارتىيە ئەزالىرى يەنى پارتىيە ئەزاسىلىق ئىسپات خېتى ۋە «كۆچمە پارتىيە ئەزالىرى پائالىيەت كىنىشكىسى»نى ئېلىپ سىرتقا چىققان پارتىيە ئەزالىرى، ئەسلى ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتىدا پارتىيە ئىچىدىكى سايلامغا قاتنىشىپ، ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

سىرتقا كەتكەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلى تۇرۇشلۇق ئورنىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى ئېچىپ سايلام ئۆتكۈزگەندە، ئەگەر سىرتقا كەتكەن پارتىيە ئەزاسى ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئەھۋال بىلەن يىغىنغا قاتنىشالمىسا، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم سانىغا كىرگۈزمىسىمۇ بولىدۇ.(07)

## خاتالىق ئۆتكۈزگەن ياچېيكا شۇجىسىغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ياچېيكا يىغىنىغا كىم رىياسەتچىلىك قىلىدۇ؟

پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ياچېيكا يىغىنى ئېچىپ پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىشنى مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلسە، يىغىنغا ياچېيكىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىياسەتچىلىك قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشى كېرەك؛ ياچېيكىدا مۇئاۋىن شۇجى قويمىغان ياچېيكىلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى ئادەم ئەۋەتىپ يىغىنغا قاتناشتۇرۇشى ھەم رىياسەتچىلىك قىلىشى كېرەك. ياچېيكا يىغىنىدا جازا بېرىش قارارى شەكىللەندۈرۈلگەندىن كېيىن، يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى كىشى چۈشەندۈرۈش يېزىپ، ياچېيكىغا ۋاكالىتەن ئىمزا قويىدۇ.(07)


## پارتگۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ دەرىجىسى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار قانداق مەمۇرىي تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك؟

پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا پارتگۇرۇپپا ئەزالىرى پارتگۇرۇپپا قۇرۇشنى تەستىقلىغان پارتىيە كومىتېتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. پارتگۇرۇپپا پارتىيىنىڭ بىر دەرىجىلىك تەشكىلاتى ھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭ ئەزالىقىنى ئومۇمەن پارتگۇرۇپپا قۇرۇلغان دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا پەۋقۇلئاددە تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. پارتگۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى ئۆزى ئۆتەۋاتقان مەمۇرىي ۋەزىپىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ ھەمدە مەمۇرىي دەرىجىسى بويىچە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.(07)

## تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى تونۇشتۇرۇش خېتى يىتىپ كەتسە قانداق قىلىش كېرەك؟

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى تونۇشتۇرۇش خېتى ياكى ئىسپات خېتى ناۋادا يىتىپ كەتسە، پارتىيە ئەزالىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا ياكى تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يۆتكەپ بەرگەن پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك. پارتىيە تەشكىلاتى تونۇشتۇرۇش خېتى، ئىسپات خېتىنى يوقىتىپ قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ھەقىقەتەن شۇ كىشى ئېھتىياتسىزلىقتىن يوقىتىپ قويغان بولسا، تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يۆتكەپ بەرگەن پارتىيە تەشكىلاتى تولۇقلاپ يۆتكەپ بەرسە ھەمدە قوبۇل قىلغۇچى ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا ئەسلىدىكى تونۇشتۇرۇش خېتى ياكى ئىسپات خېتىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويسا بولىدۇ. قوبۇل قىلغۇچى ئورۇن قوبۇل قىلغاندا تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش كېرەك. تونۇشتۇرۇش خېتى، ئىسپات خېتىنى يوقىتىپ قويغان پارتىيە ئەزالىرىغا تەنقىدىي تەربىيە بېرىش، قىلمىشى ئېغىرلىرىغا مۇۋاپىق تۈردە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش كېرەك.(07)

ھۈسىين(ت)



# سىنگاپور ئىختىساسلىقلار مەركىزى بولۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا

جۇ چاڭدۇ

سىنگاپورنىڭ يەر كۆلىمى 628 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 200 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، بايلىق مەنبەسى ئىنتايىن كەمچىل. لېكىن، سىنگاپور شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادىي گەۋدە. بۇ دۆلەتتە، زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇلازىمەت كەسپى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بويىچە ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېت، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان تەتقىقات ئاپپاراتى، دۇنياغا داڭلىق قۇرۇقلۇق دېڭىز ھاۋا قاتنىشى سىستېمىسى بار. مىللىي دارامەت جەھەتتە ئاسىيا ھەتتا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىقلار بۇ زامانىۋى بىنانىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. سىنگاپور دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي شاھمات تاختىسىدا بىر كىچىك ئىقتىسادىي گەۋدە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاسىيادىكى پۇل مۇئامىلە بوران ـ چاپقۇنىدا غەرق بولۇپ كەتمىدى. ئۇ، بۇنداق بوران ـ چاپقۇننىڭ تەسىرىدە تەۋرىنىدىغان كىچىك قېيىق ئەمەس، بەلكى قىرغاقتا قاراپ مەزمۇت ئىلگىرىلەيدىغان پاراخوت، بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، پاراخوتنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا بىر تۈركۈم ئىختىساسلىقلار ئۆزىگە خاس رولىنى جارى قىلدۇرغان.

سىنگاپورنىڭ ئۆزىدە ئاران 2 مىليون ئەمگەك كۈچى بار، ئەمما سىرتتىن كەلگەن ئىختىساسلىقلار 700 مىڭدىن ئاشىدۇ. سىنگاپور ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، 1996 ـ يىلى سىنگاپور ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 7.5% بولغان، ئەگەر سىرتتىن كەلگەن ئىختىساسلىقلارنىڭ تۆھپىسى بولمىغان بولسا شۇ يىلدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى 5.3% لا بولىدىكەن، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ يىلدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى سىرتتىن كەلگەن ئىختىساسلىقلارنىڭ تۆھپىسى دېيىشكە بولىدۇ. 1998 ـ يىلى سىنگاپوردا مەملىكەت بويىچە پەن ـ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 12 مىڭ 800 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ يېرىمى سىرتتىن كەلگەن پۇقرالار. ئاسىيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان سىنگاپور ئۇچۇر كەسپىدىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق پەن ـ تەتقىقات خادىملىرى ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ 30% ى چەت ئەللىكلەر.

كەسپىي ئىختىساسلىقلار ۋە ئالاھىدە ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش سىنگاپورنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم تەدبىرى. سىنگاپور ھۆكۈمىتى ئىختىساسلىقلار بىلىم ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى مۇھىم مەنبەسى، ئىقتىسادىي ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ تۈپ ھەل قىلغۇچ ئامىلى دەپ قارايدۇ. سىنگاپورنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاپپاراتلىرى ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش ۋە كىرگۈزۈش رىقابىتىدە بىر خىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى خىلمۇ خىل شەكىللەرنى قوللىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، سىنگاپور يېقىنقى بىر قانچە يىلدا ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىپ ۋە كىرگۈزۈپلا قالماي، يەنە ئىختىساسلىق مايسىلارنى جەلپ قىلىش ۋە كىرگۈزۈشكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. سىنگاپور ئۇنىۋېرسىتېتى كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ۋە باشقا ئەپچىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلاردىن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئو-

قۇغۇچىلارنى سىنگاپور ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى تېخنولوگىيە
ئىنستىتۇتلىرىغا قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىگەن ھەمدە ئۇلار
ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن سىنگاپور ئۈچۈن ھېچبولمـ
غاندا 6 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلىپ بېرىش توغرىسىدا بۇ
ئوقۇغۇچىلار بىلەن توختام تۈزگەن. سىنگاپور مۇھاجىرلار
ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى 1800دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىچىدە
چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار % 11نى ئىگىلەيدۇ. يۈزنىڭ ئىـ
چىدىن بىرى تاللىنىپ كەلگەن بۇ چەت ئەللىك ئوقۇغۇـ
چىلارنىڭ خىلمۇ خىل مۇھىتلاردىن كېلىشى مۇھاجىرلار
ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە
تۈرتكە بولغان. بۇ مەكتەپنىڭ باشلانغۇچ 3 ـ يىللىقىدا
ئوقۇۋاتقان 50نەپەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى 1998 ـ يىلى
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپ خىل مۇسابىقىلەردە، يەنى
ماتېماتىكا ئولىمپىك مۇسابىقىسى، ئاسترونومىيە توغرىسىـ
دىكى سوئال ـ جاۋاب، خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسى ۋە
يېزىقچىلىق مۇسابىقىلىرىدە مۇھاجىرلار ئوتتۇرا مەكتىپى
ئۈچۈن 60تۈرلۈك مۇكاپات ئېلىپ بەرگەن.

سىنگاپوردا يېتىشتۈرۈلگەن ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۈچـ
تىن بىر قىسمى چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىدۇ. چەت ئەلـ
لەردە نەتىجە قازىنىپ داڭق چىقارغان سىنگاپورلۇق ئىخـ
تىساسلىقلارنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىشقا
جەلپ قىلىش سىنگاپورنىڭ ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىـ
لىش ۋە كىرگۈزۈشتىكى يەنە بىر چارىسى. دۇنيا دەرىجىلىك
تەتقىقات ئورگىنى دەپ نام ئالغان مالېكۇلا ۋە بىئوخىمىيە
رىشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى ۋە مالېكۇلا دېھقانچىلىق بىـ
ئولوگىيىسى تەتقىقات ئورنى ئامېرىكا ۋە كانادا پۇقراسى
بولۇپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە پروفېسسورلۇق قىلىۋاتقان
سىنگاپورلۇقلارنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىش
ئارقىلىق قۇرۇلغان ھەم باشقۇرۇلۇۋاتقان ئاپپاراتتۇر.

1998 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ سىنگاپور-
نىڭ ئىقتىسادى چېكىنىشكە دۇچ كېلىپ، پۇقرالار ئىشقا
ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقتىن، ئىشـ
سىزلىق نىسبىتى ئۆرلەپ % 3.4كە يەتتى، 80مىڭدىن ئارـ
تۇق ئادەم ئىش كۈتۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئىقتىساـ
دىي كاساتلىق يۈز بېرىۋاتقان ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش يېـ
تەرلىك بولمايۋاتقان مەزگىلدە، چەت ئەلدىن ئىختىساـ
سلىقلارنى جەلپ قىلىش ۋە كىرگۈزۈشنى ۋاقتىنچە توختىـ
تىپ قويۇش كېرەكمۇ ياكى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكمۇ،
دېگەن مەسىلە يېقىندا پارلامېنت ۋە جەمئىيەت كەسكىن
تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان سەزگۈر مەسىلە بولۇپ قالدى.
پارلامېنتنىڭ بەزى ئەزالىرى ۋە نۇرغۇن ئاما ئالدى بىلەن
سىنگاپورلۇقلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك
قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن چەت ئەلدىن ئىختىساسلىقـ
لارنى كىرگۈزۈش ئۈستىدە سۆز ئېچىشنى تەشەببۇس
قىلدى. ئەمما سىنگاپورنىڭ زۇڭلىسى ۋۇ زودۇڭ ھۆكۈـ
مەتنىڭ سىنگاپورلۇقلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئەڭ كۆڭۈل بۆـ
لۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادـ
تىكى ئەھۋال ياخشى بولمىغان ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش
يېتەرلىك بولمىغان ۋاقىتتىمۇ چەت ئەلدىن ئىختىساـ
سلىقلارنى جەلپ قىلىش ۋە كىرگۈزۈش سىياسىتىنى داـ
ۋاملىق يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ
مۇنداق دەيدۇ: قارىماققا سىرتتىن كەلگەن ئىختىساسلىقلار
قاچىمىزنى تارتىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق
ئەمەس، ئۇلار سىنگاپورلۇقلارغا ناھايىتى كۆپ خىزمەت
قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر چەت ئەللەردىكى
ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلمىساق، ئۆزىمىزدىكى ئىخـ
تىساسلىقلار باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ كەتسە، ئۇ چاغدا
سىنگاپورلۇقلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىدۇ، بۇـ
نىڭ بىلەن ئىقتىسادىمىزدا قىسقىراش يۈز بېرىدۇ، بۇ،
سىنگاپورلۇقلار ئۈچۈن بىر ئاپەت. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتـ
لىدى: «شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىمكى،
سىنگاپوردا ئىنتايىن كۆپ ئىختىساسلىقلار بولغاندا ھەمدە
ئۇلارغا باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغاندا، ئاندىن قولغا
كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال
تاپالايمىز».

سىنگاپورنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى شيەنلوڭ مۇنداق
دەيدۇ، سىنگاپور سىنگاپورنى ئىلغار، گۈللەنگەن ۋە توـ
لۇپ ـ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ
چىقىدىغان يېتەرلىك ئىختىساسلىقلارنى مەڭگۈ يېتىشـ
تۈرۈپ چىقالمايدۇ. سىنگاپور ھۆكۈمىتى يېقىندا يەنە:
سىنگاپورنى ئىختىساسلىقلار مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ
چىقىش ئۈچۈن تىرىشايلى دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا
قويدى.(05)

(ئاپتور «نەزەر»ژۇرنىلىنىڭ سىنگاپوردا تۇرۇشلۇق
مۇخبىرى)

# 50 يىلدىكى چوڭ ئىشلار

## تىنچ بىللە ئۆتۈش بەش پرىنسىپنى پائال تەشەببۇس قىلىش

1953 يىلى 12 ئايدا، زۇڭلى جۇئېنلەي ھىندىستاننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغان چاغدا، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى: بىر - بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، بىر - بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تىنچ بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت بەش پرىنسىپنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى بولۇپ قالدى.

## جۇڭگو سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى

1958 - يىل 7 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي جەھەتتىن جۇڭگونى ئىزگىنلەش تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش بويىچە جىددىي ھەرىكەت قوللاندى: 1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 16- كۈنى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغان كېلىشىم ۋە توختامنى بىر تەرەپلىمە ھالدا يىرتىپ تاشلاپ، بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگودىكى بارلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىش، دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مۇھىم ئۈسكۈنىلەرنى تەمىنلەشنى توختىتىشنى قارار قىلدى، ئىككى پارتىيە ۋە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۈزۈل-كېسىل بۇزۇلدى.

## ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى


1957 - يىلى 6 - ئايدىن 1958 - يىلى ياز پەسلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بۇرژۇئا ئوڭچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە پارتىيىنىڭ كادىرلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 550 مىڭ كىشى خاتا ھالدا ئوڭچى ئۇنسۇر قىلىپ ئايرىلىپ، زەربىگە ئۇچرىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خاتا ئايرىلغان بۇ يولداشلار ئاقلاندى.



## پارتىيىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش

1956 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك 8 - قۇرۇلتىيى - يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتايدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئەمدى مەملىكەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تېز راۋاجلاندۇرۇش تەلىپى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى كۈچنى توپلاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. قۇرۇلتايدا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش تەكىتلەندى.





تۇرسۇن قۇربان پىدائىي يازغان



تۇرسۇن قۇربان پىدائىي يازغان





چېچەك

تۆك لىبىك تارتقان



باھاسى: 3.00 يۈەن، پوچتا نومۇرى: 830003، ۋاكالەت نومۇرى: 42 – 58 《支部生活》维吾尔文版